2001
ژىل
28 ـ فېۋىل
شەنبە
№ 7
(4143)

يېڭى هايات

Йеңи һаят

جۇمهۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي ـ سىياسىي گېزىت. 1970 ـ ژىلى 1 ـ يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ

ئۇرۇش ۋە ئەمگەك ۋېتېرانلىرى ئۆز ئارا سوهبەتتە.
پ. ئەخمەتوۋ چۈشەرگەن سۈرەت.

قىسقا خەۋەرلەر

ئۈنجى پرېزىدېنتنىڭ يېڭى مۇكاپىتى

قازاقستان جۇمهۇرىيىتىنىڭ پرېزىدېنتى قازاقستان جۇمهۇرىيىتى ئۈنجى پرېزىدېنتىنىڭ تېچلىق ۋە تەرەققىيات دولەت مۇكاپىتىنى توغرىلىق قانۇننى ئىمزالىدى.

قانۇن قازاقستان جۇمهۇرىيىتىنىڭ پرېزىدېنتى تەرىپىدىن دېموكراتىيەنى تەرەققىي ئەتكۈزۈشكە ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى يۈكسەلدۈرۈشكە، خەلقلەر ئوتتۇرىسىدا تېچلىقنى ۋە دوستلۇقنى مۇستەهكەملەشكە ئالاهىدە هەسسە قوشقان شەخسلەرنى رەغبەتلەندۈرۈش بىلەن باغلىق بولغان مۇناسىۋەتلەرنى ئويغۇنلاشتۇرىدۇ. قانۇنغا مۇۋاپىق، دولەت مۇكاپىتى هەر ژىلى قازاقستان جۇمهۇرىيىتىنىڭ پرېزىدېنتى تەرىپىدىن قازاقستان جۇمهۇرىيىتىنىڭ پۇخرالىرىغا، چەت ئەللىكلەرگە:

دېموكراتىيەنى تەرەققىي ئەتكۈزۈشكە ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى يۈكسەلدۈرۈشكە ۋە خەلقلەر ئوتتۇرىسىدا تېچلىقنى هەم دوستلۇقنى مۇستەهكەملەشكە قارىتىلغان ئاكتىپ پائالىيىتى، دولەتلەر ئارا مۇناسىۋەتلەردە باراۋەرلىك ۋە ئوخشاش بېخەتەرلىك ئۈچۈن، جامائەتچىلىك ۋە مىللەتلەر ئارا رازىمەنلىكنى ئورنىتىش، جۇمهۇرىيەتنىڭ كوپ مىللەتلىك خەلقىنىڭ بىرلىكىنى مۇستەهكەملەشكە قوشقان ئالاقىدە هەسسىسى ئۈچۈن، شۇنداقلا قازاقستان مىللەتلىرى ۋە ئېلەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتىگە هەم تارىخىي ئەنئەنىلىرىگە نىسبەتەن هورمەت بىلدۈرۈشنى شەكىللەندۈرۈدىغان چوڭقۇر پۇبلىتسىكلىق ئەسەرلىرى ئۈچۈن بېرىلىدۇ.

قازاقستان جۇمهۇرىيىتى ئۈنجى پرېزىدېنتىنىڭ تېچلىق ۋە تەرەققىيات دولەت مۇكاپىتى توغرىلىق قائىدە، مۇكاپاتنىڭ سانى ۋە مىقدارى، شۇنداقلا مۇكاپاتنى بېرىش بويىچە كومىسسىيەنىڭ شەخسىي تەركىۋى جۇمهۇرىيەت هوكۇمىتىنىڭ تەۋسىيەسى بويىچە قازاقستان جۇمهۇرىيىتىنىڭ پرېزىدېنتى تەرىپىدىن تەستىقلىنىدۇ.

سالامەتلىكنى ساقلاش ئىشىدىكى ئالاهىدە خىزمەتلىرى ئۈچۈن

ئالمۇتا شەهرىنىڭ هاكىمى ۋىكتور خراپۇنوۋ شەهەرلىك 5 ـ شىپاخانا هوزۇرىدىكى كورىيە ـ قازاقستان «دروۋبا» گوسپىتالىنىڭ باش دوختۇرى مىن بېن خۇنغا قازاقستان ئاهالىسىنىڭ سالامەتلىكىنى ساقلاش ئىشىدىكى ئالاهىدە خىزمەتلىرى ئۈچۈن مەيدىگە تاقايدىغان بەلگۇ تاپشۇردى. دوكتور مىن جەنۇبىي كورىيە تاشقى ئىشلار مىنىسترلىكى هوزۇرىدا قۇرۇلغان خەيرى ئېهسان ئاگېنتلىقىنىڭ يوللانمىسى بويىچە ئالمۇتىدا ئالتە ژىل ئىشلىدى. ئۇ بىر نەچچە مىڭ قازاقستانلىققا، قازاقستاندا ئىشلەۋاتقان هەر خىل ئەللەر ئەلچىخانىلىرىنىڭ ۋە ۋاكالەتخانىلىرىنىڭ خادىملىرىغا تىببىي ياردەم كورسەتتى.

قازاقستان دۇنياۋىي سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولىدۇ

ئىختىسات ۋە سودا مىنىسترى ژۇلبېكبېۋ رەهبەرلىكىدىكى قازاقستان دېلېگاتسىيەسى جۇمهۇرىيەتنىڭ دۇنياۋىي سودا تەشكىلاتىغا كىرىشكە باغلىق مۇزاكىرىلەرنى مۇۋاپىقىيەتلىك ئوتكۈزدى. مۇزاكىرىلەر جەنۋەدە ئوتتى. مىنىستر دۇنياۋىي سودا تەشكىلاتىنىڭ باش دىرېكتورى مۇر بىلەن ئۇچراشتى. ئۇچرىشىشتا قازاقستان دۇنياۋىي سودا تەشكىلاتىغا كىرىشنى ئۇستۇنلۇككە ئىگە ۋەزىپە دەپ قارايدىغانلىقى ۋە بۇ يونىلىشتىكى ئىشلارنى ئاكتىۋلاشتۇرۇش نىيىتىدە ئىكەنلىكى تەكىتلەندى.

روسسىيەدە يەنە هورمەت تاختىلىرى پەيدا بولىدۇ

موسكۋا. روسسىيەنىڭ ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات مىنىسترلىكى پۇتكۇل مەملىكەت مىقياسىدا هورمەت تاختىلىرىنى ئەسكە كەلتۇرمەكتە. بۇ هەربىكەتنىڭ نامى ئوتكەن دەۋرگە ئاهاڭداش: «مۇناسىپ ئەمگەكنى ـ جامائەتچىلىكنىڭ ئېتراپ قىلىشى». سابىق خەلق ئېگىلىكى مۇۋاپىقىيەتلىرى كورگەزمىسىدە پۇتكۇل روسسىيە هورمەت تاختىسى ئەسكە كەلتۇرۇلىدۇ. ئەمگەكتە ئالاهىدە كوزگە چېلىققان ئادەملەرنىڭ پائالىيىتلىرى توغرىلىق مەتبۇئاتتا ماقالىلارنى بېرىش، شۇنداقلا زەربىدارلار توغرىلىق تېلېپروگراممىلارنى ئىشلەش پىلانلاندى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى مىنىسترلىك رېگىونال هاكىمىيەت ئورۇنلىرىدىن، كارخانىلار رەهبەرلىرىدىن ۋە ئۇمۇمەن بارلىق دەرىجىدىكى باشلىقلاردىن ئوزلىرىدە خۇددى شۇنداق هورمەت تاختىلىرىنى ۋۇجۇتقا كەلتۇرۇشنى ئىلتىماس قىلدى.

ئوتتۇرا ئاسىيەدە قۇرغاقچىلىق مۇقەررەرمۇ؟

تاشكەنت. تاغدىكى مۇزلارنىڭ كېچىكىپ ئېرىشىغا باغلىق قىرغىزستان بىلەن ئوزبەكستان سۇنىڭ جىددىي يېتىشمەسلىكىنى باشتىن كەچۇرمەكتە. ئوزبەكستان ئالىملىرى تەشۋىشلەنمەكتە. ئۇلارنىڭ مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، بىيىل تيانشان ۋە پامىر ـ ئالاي تاغلىرىدىكى مۇزلار ئادەتتىكىدىن خېلە كېيىنرەك ئېرىشقا باشلىغان. ئالىملارنىڭ پىكرىچە، ئاۋتوموبىل گازلىرى، سانائەت چىقىندىلىرى بىلەن ئاتموسفېرىنىڭ جىددىي پاسكىنلىشى ئاقىۋېتىدىن مۇزلۇقلارنىڭ ۋۇقارقى چېگارىسى خېلىلا دەرىجىدە ۋۇقۇرىغا سىلجىغان. ئەندى ئۇ يەردە بولسا هارارەت توۋەن، مۇز قاتلىمى قۇياش نۇرلىرىغا خېلە ئۇزاققىچە بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. مۇزلارنىڭ كېچىكىپ ئېرىشى پەرغانە ۋادىسىدىكى ۋەزىيەتنىمۇ جىددىي مۇرەككەپلەشتۇرىدىكى، ئۇنىڭ پۇتكۇل ئىختىسادى تولۇغى بىلەن سۇغىرىلىدىغان سۇغا باغلىق، بۇ يەردە مانا ئۇچ ژىلدىن بۇيان قۇرغاقچىلىق ئوۋج ئالماقتا. سىردەريا سۇلىرى هازىر ئارانلا ئوزبەكستاننىڭ ئوتتۇرىغا يېتىپ كېلەلەيدۇ. ئەندى ئۇنىڭ غەربىي ۋىلايەتلىرى، بولۇپمۇ قاراقالپاقستان هازىرىنىڭ ئوزىدىلا ئەمەلىياتتا سۇسىز ياشىماقتا. ئوزبەكستاندا يەنە سىبىر دەريالىرى ئېقىمىنىڭ بىر قىسمىنى ئوتتۇرا ئاسىيەگە بۇراش غايەت چوڭ لايىهەسىنى ئەسكە ئالماقتا، بۇ پىلاننى سوۋېت ئىتتىپاقى مەۋجۇت دەۋرىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇش نىيەت قىلىنغان ئىدى. لېكىن هازىر مەبلەغنىڭ يىرىقلىقىدىن لايىهەنى ئەسكە كەلتۇرۇش ئىمكانىيىتى يوق، دەپ تەكىتلەيدۇ ئېكسپېرتلار.

قازاقستان نېفتى ئۈچۈن يېڭى مارشرۇت

روسسىيەنىڭ «ترانسنېفت» شىركىتىگە تەئەللۇق بالتىق پروۋود سىستېمىسى ئارقىلىق ژىلىغا 5 مىللىون توننىغا يېقىن قازاقستان نېفتى توشۇلۇشى مۇمكىن. بۇ توغرىلىق يېقىندا بالتىق تروبو ـ پروۋود سىستېمىسىنى تونۇشتۇرۇش مەراسىمىدا قازاقستان ئېنېرگېتىكا ۋە مېنېرال رېسۇرسلارنىڭ ۋەتىنىي مىنىسترى نۇرلان قاپپاروۋ بىلدۈردى.

«ترانسنېفت» شىركىتىنىڭ پرېزىدېنتى س. ۋاينشتوكقا ئاساسلىنىپ، «قازاقستان تۇدېي» ئاگېنتلىقى بالتىق تروبو ـ پروۋود سىستېمىسى بىيىل دېكابىردا پايدىلىنىشقا بېرىلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ئۇ ژىلىغا 12 مىللىون توننىغا يېقىن نېفتنى ئوتكۈزۈشكە قادىر. ئۇنىڭ مارشرۇتى ئاتىراۋ ـ سامارا تروبو ـ پروۋودى بويىچە ئوتۇپ، ئاندىن ئالمېتيېۋسك ستانسىيەسى ئارقىلىق نابېرېژنىيې چېلنى ـ نىژنىي نوۋگورود تروبو ـ پروۋودى بويىچە بالتىقنىڭ روسسىيەگە تەۋە قىرغىقىدىكى پرىمورسك پورتىغا بارىدۇ. بالتىق تروبو ـ پروۋود سىستېمىسىنىڭ بىرىنچى قىسمى ئىشقا سېلىنغاندىن كېيىن «ترانسنېفت» شىركىتى ئۇنىڭ قۇۋۋىتىنى ژىلىغا 18 مىللىون توننىغا يەتكۈزۈشنى نىيەت قىلماقتا.

دوستلۇق فېدېراتسىيەسى قۇرۇلدى

قازاقستان جۇمهۇرىيىتى تاشقى ئىشلار مىنىسترلىكى مەتبۇئات خىزمىتىنىڭ خەۋەر قىلىشىغا قارىغاندا، فرانسىيەدە قازاقستان ئەلچىخانىسىنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشى بىلەن بۇ مەملىكەتتە «فرانسىيە ـ قازاقستان» دوستلۇق فېدېراتسىيەسى قۇرۇلغان.

مەزكۇر فېدېراتسىيە فرانسىيەنىڭ بىر نەچچە شەهەرلىرىدىكى «فرانسىيە ـ قازاقستان» ئىتتىپاقلىرىنى، شۇنداقلا «رىنىن ـ ئالمۇتا» قېرىنداشلانغان شەهەرلەر كومىتېتلىرىنى بىرلەشتۇرىدۇ. فېدېراتسىيەنىڭ تەسىس ژىغىنىدا فرانسىيەدىكى قازاقستان جۇمهۇرىيىتىنىڭ ئەلچىسى ئا. ئارىستانبېكوۋا سوزگە چىقتى، «فرانسىيە ـ قازاقستان» دوستلۇق فېدېراتسىيەسىنىڭ رەئىسى بولۇپ، ژاك مونىيې سايلاندى. ژ. مونىيې ئىلگىرى سېن ـ ئې ـ مارى دېپارتامېنتىدىكى «فرانسىيە ـ قازاقستان» دوستلۇق ئىتتىپاقىغا رەهبەرلىك قىلغان.

بىيىل «فرانسىيە ـ قازاقستان» دوستلۇق فېدېراتسىيەسىنىڭ ئەزالىرى بىر قاتار مەدەنىي ـ كۇمانىتارلىق چارە ـ تەدبىرلەرنى، جۇملىدىن، «قازاقستان مۇستەقىللىقىغا 10 ژىل» دېگەن كورگەزمە ـ كونفېرېنسىيەسىنى ئوتكۈزۈشنى نىيەت قىلماقتا. شۇنداقلا بۇگۇنكى قازاقستاننىڭ تارىخى ۋە هاياتى توغرىلىق، قازاقستان ـ فرانسىيە مۇناسىۋەتلىرى ۋە فېدېراتسىيە ئەزالىرىنىڭ پائالىيىتى هەققىدە مەلۇماتلارنى توپلاش قارار قىلىندى.

p/c 406467897 ТОО "Висал"
РНН600400099802 МФО 190501719,
код 719 АГФ ОАО Банк "Центр Кредит"

مەرهەمەت خالىس ئىختىسادىي ياردەم قىلىنى سۇنغۇچىلارغا بىزنىڭ هېساپ چوتىمىز:

ئوزىمىزنى ئېتىراپ قىلايلى

ئەجداتلار روھىغا ۋارىسلىق قىلايلى

قولۇمغا قەلەم ئېلىشقا بىر كىشى بىلەن تەسادىپىي
ئۇچرىشىش سەۋەپ بولدى. يېقىندا ماڭا قازاق قې-
رىنداشلارنىڭ چوڭ بىر سورۇنىغا ئىشتىراك قىلىش
نەسىپ بولۇپ، شۇ يەردە بىر مويسىپىت بىلەن تو-
نۇشۇپ، مۇڭدىشىپ قالدۇق. ئۇ كىشى مېنىڭ ئۇي-
غۇر ئىكەنلىكىمدىن خەۋەر تېپىپ: «ئۇلۇق خەلق-
نىڭ ۋەكىلى ئىكەنسەن باتۇرىم. خەلقىڭدىن قانچە-
لىك پەخىرلەنسەڭمۇ ئەرزىيدۇ. قېدىمىي مەدەنىيەت-
لىك ئۇيغۇردىن بىز، بىزلا ئەمەس، بەلكى باشقا مىللەت-
لەرمۇ كوپ نەرسىلەرنى ئۈگەندۇق، تارىخىي مەنبە -
لەرنىڭ گۇۋالىق قىلىشىچە قەغەزنى، دەسلەپ كىتاپ
بېسىش دەستگاھىنى ئۇيغۇرلار ئىجات قىلغان، كا -
رىزلارنى قېزىپ چوللارنى بوستان قىلغان، مىڭ ئوي-
لەرنى ياراتقانلارمۇ ئۇيغۇرلار... مويسىپىتنىڭ خەلقىم
توغرىسىدىكى تارىخىي ھەقىقەتنى كويۈنچلىك ئالدىدىلا
ئىللا پىكىر قىلغىنى مېنى ئاھايىتى روھلاندۇرغان
ئىدى، خۇددى ئاسماندا پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك ھېس
قىلغان ئىدىم ئوزەمنى.

ئاقساقال خەلقىمنىڭ نامىغا ئەينە شۇنداق ئىللىق
سوزلەرنى ئېيتتىدە، ئاندىن بىر ئاز ئويلىنىپ: «رەن-
جىمىگىن، باتۇرىم، سىلەر ھازىر نېمە بولۇپ قالدىڭ-
لار؟ ئۇيغۇر زىيالىلىرى نېمە ئويدا؟» - دەپ ماڭا قا-
رىدى.مەن: ئاقساقال، نېمە بولۇپ قالدى، سىز رەنجى-
گىدەك بىر ئىش سادىر بولدىمۇ؟ - دەپ سورىۋىدىم.
ئۇ كىشى دەررۇلا: «مەن رەنجىگىدەك ھېچ نەرسە بول-
غىنى يوق، مېنىڭ بەزى ئىشلارغا ئىچىم پۇشۇپ ژۇ-
رىدۇ، ئەينە شۇ خىلدىن بىرى مېنى ئويلاندۇرۇپ
كېلىۋاتقان نەرسىلەرنى ھازىر ساڭا ئېيتاي، توغرا
دەپ تاپساڭ، ئۇنى باشقىلارغىمۇ ئېيتارسەن، ئەگەر
دىتىڭغا سىغمىغىدەك بولسا، قازاننىڭ ئۇۋىغى يېپىق
پېتىچە قالار، ئىنىم». دېدىدە بىر ئاز سۈكۈت قىلدى.
مەن قېنى سوزلەڭ دېگەندەك ئۇنىڭغا باقتىم، ئىچىم-
دە گۇمان پەيدا بولدى. چۈنكى ئاخىرقى ۋاقىتلاردا
بەزى رۇس تىللىق ئاممىۋىي ئەخبارات ۋاستىلىرىدا
خەلقىمىزنى تېررورىزمدا، ۋاخخابىزمدا، سېپاراتىزمدا،
باندىتىزمدا ۋە باشقا «ئىزملاردا» ئەيىپلەيدىغان بىل-
جىراشلار پەيدا بولۇپ، كوڭلىمىزنى غەش قىلغان ئې-
دى. گۇمان ئىمانىنى قاچۇرىدۇ، دېگەندەك. مەن ئاق-
ساقال موشۇ ماۋزۇدا سوز قىلسا كېرەك. دەپ تىگىر -
قاپ ئولتۇرىمەن. لېكىن ئۇنداق بولمىدى.

- ئوغلۇم، مەن كېيىنكى ژىللىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ
بەزى ھەر خىل پائالىيەتلىرىدىن ئانچە - مۇنچە خەۋ-
رىم بار. دوستۇڭ ژىغلىتىپ ئېيتار دېگەندەك. بەزى
بايقىغانلىرىم توغرىلىق پىكىر قىلىمەن. ژۇقۇرىدا ئېيت-
قىنىمدەك توغرا كەلسە قوبۇل قىلارسەن. سىلەر ھەر
قانداق پائالىيەت ئوتكەزسەڭلار، چوقۇم قازان ئاس-
تىدىغان قىلىق چىقىرىۋالدىڭلار. ئەگەر ئۇيغۇر مەدەنى-
يەت كۈنلىرى ئوتكۈزۈلسە، ھەر بىر مەھەللە ئوز ئالدى-
غا قازان ئېسىپ، ئاياللار ھەر خىل ئاش - تاماملارنى
كورگەزمە قىلىپ،خۇددى يەرمەكگىدەك تىزىپ كېتى-
دۇ. ئەلۋەتتە، تامامدىن ئۇلۇق نەرسە يوق، لېكىن مە-
دەنىيەت يالغۇز تاماق بىلەنلا ئولچەنمەيدۇ، بولۇپمۇ
ھازىرقى ئىختىسادىي ئېغىر دەۋرىدە مۇنداق تاماقلار-
نى كويلەپ تەييارلاپ بېكارغا تارقىتىش ئوڭاي بول-
مىسا كېرەك ئوغلۇم. - دېدى ئاقساقال. ئۇ بىر ئاز ئوي-
لىنىۋېلىپ قالدىدە، ئاندىن: يەنە بىر بايقىغىنىم، ئۇيغۇر
باۋۇرلار مەسچىت سېلىشقا بەكمۇ ئامراق كېلىدىكەن.
ئەلۋەتتە،مەسچىت سېلىش كېرەك. بىز مۇسۇلمان خەل-
قى ئوز ئىسلام ئېتقادىمىزنى كۈچەيتىشىمىز، ئىما-
نلىق بولۇشىمىز كېرەك. مەسچىتنىڭ خەلقنى ئىس-
لام توغرا يولدا تەربىيىلەشتىكى رولى چوڭ بولۇشى
كېرەك. لېكىن، مەسچىتقىلا ئېسىلىۋېلىپ، بەزى چالا
ئوقىغان موللىلارنىڭ ئوزى چۈشەنمەي ياتقا
ئوقىغان سۆزلىرىنى (ئەرەب تىلىدا) ئاڭلاپ، ھېچ
نىمىنى بىلمەي نامىز ئوقۇۋىدۇ دەپ ژۈرۈشمۇ، ئانا
چالا توغرا بولمىسا كېرەك. مېنىڭچە بولغاندا، ھەقىقىي
دىنىي بىلىمگە ئىگە، ئوقۇغان سۈرىنى شەرھلەپ
بېرەلەيدىغان، قىسقىسى خەلقنى توغرا، ئادالەتلىك
يولغا ئۈندەيدىغان موللىلارنىڭ، ئىماملارنىڭ ۋەز -
نەسىھەتلىرىدىن بەھرىمان بولۇش - بۇ باشقا گەپ.
ئەكسىچە،بىر مەھەللىدە بىر مەسچىت تۇرۇغلۇق، بە -
زى مەمەدانىلار يەنە بىر مەسچىت سېلىش كېرەك
دەپ كىشىلەرنى ئازدۇرۇپ قالايمىقان قىلىۋاتقان
ھادىسىلەرمۇ بار. مەن ژۇقۇرىدا ئېيتقىنىمدەك، كەلسە-
كەلمەس قازان ئېسىش، مەسچىت تۇرسا يەنە مەس-
چىت سېلىش ئوخشاش ئىشلارنىڭ ئورنىغا باشقا سو-
ۋاپلىق، خەلقىنىڭ ھازىرقى ئارزۇ - ئارمانلىرىغا ماس
كەلگىدەك ئىشلارنى قىلسا، نۇر ئۈستىگە نۇر بولغان
بولار ئىدى. مەسىلەن، جۇمھۇرىيىتىمىزدە ياشايدى-
غان كورىيى مىللىتىنى ئالايلى. ئۇلار ئالمۇتىدىكى
ئا د ك مەدەنىيەت سارىيىنى سېتىۋېلىپ، چوڭ پائا-
لىيەت ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. كورىيى مەدەنىيەت مەر -
كىزى بۇ بىنانى قايتىدىن رىمونتلاپ، ئۇنى ھەقىقىي
زامانىۋىي مەدەنىيەت ئوچىغىغا ئايلاندۇردى. بارلىق
مەدەنىي چارە- تەدبىرلىرىنى موشۇ يەردە ئوتكۈزىدۇ.
بۇ يەردە شۇنداقلا باللارنى ئالىي ئوقۇش ئورۇنلىرى-
غا تەييارلاش كۇرسلىرى، كومپيۇتىرغا ئوگىتىش بولمى-
لىرى مەۋجۇت. مانا بۇ ئولگە ئالارلىق ئىشلار. ئەندى
قېرىنداش ئۇيغۇر خەلقىمۇ مانا موشۇنداق ئىشلارنى
قىلالايدۇ. مەن بۇنىڭغا ئىشىنىمەن. مەسىلەن ژىل ئا -
خىرىدا ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى قىلغان ئىشلىرى
ھەققىدە ھېساۋات بەرگەندە: مۇنچە بالىنى بىزنىڭ
مەركەز كۇرسلاردا تەييارلاپ پالان - پالان ئىنستى-
تۇتلارغا چۈشەردۇق، ئەندى مۇنچە بالىنى مەركەز-
نىڭ بىۋاستە ئارىلىشىشى بىلەن چەت ئەللەرگە ئو -
قۇشقا ئەۋەتتۇق...دەپ خەلق ئالدىدا دوكلاد قىلسا،
بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئوقۇپ سوزلەيدىغان ئىش بولماس ئىدى.
ئەپسۇس، مەن ھازىرچە ئۇنداق ئادەمنى ئىشىمىز بىلەن
بايقىمىدىم، بەلكىم ئۇنداق ئىشلار قىلىنىۋاتقاندۇر؟!
ئىنىم، ئەگەر قاتتىق ئېيتقان بولسام، رەنجىمە، لېكىن
ھازىرقى بازار ئىختىسادىي مۇناسىۋەتلىرى دەۋرىدە
ھەر بىر خەلق ئوز غېمىنى ئوزى قىلىشى كېرەك. قول-
دا بار مەبلەغدىن توغرا، ئۈنۈملۈك پايدىلانغانلا نەمە
زەتتۇن، ئوززۇن گېپىنىڭ قىسقىسى، ئۇيغۇر خەلقى ئو-
زىنىڭ كېلەچىكىگە پەقەت ئوزىلا كويىنىشى كېرەك،
ھېچ كىم مۇئۇلارغا ئوڭاي بولىدۇ، ئارقىدا قىلىۋاتقىلى
دەپ ياردەم قولىنى سۇنمايدۇ. - دېدى ئۇ.

مويسىپىتنىڭ خەلقىم توغرىلىق كويىنىپ ئېيتقان
بۇ سوزلىرى مېنى چوڭقۇر ئويغا سالغان ئىدى. چۈن-
كى خەلقىمىز نادانلىقنىڭ دەردىنى كوپ تارتقانىدى،
ئۇ بىر مەشئەلگە، يەنى داتكورلار بولالىغانىدى بەك
مۇھتاج. ھەر قانداق خەلقنىڭ كۈلپەتلىك تەغدىرى
پەقەتلا كوپ جەھەتتىن نادانلىقتىن تۇغۇلىدۇ.ئەلۋەت-
تە، بۇنىڭدا ئوبيېكتىۋ ۋە سۇبيېكتىۋ ئامىللار، ئىچكى
ۋە تاشقى ئامىللارمۇ چوڭ رول ئوينايدۇ. لېكىن نادان-
لىق بارلىق دەرت - ئەلەملىرىمىزنىڭ ئاساسى دې-
سەم مۇبالىغە بولماس. بىز ئەينە شۇ نادانلىغىمىزدىن
قۇتۇلماي تۇرۇپ كۈلپەتلىك تەغدىرىمىزدىن قۇتۇلال-
مايمىز، ئۇنى ياخشى تەرەپكە ئوزگەرتەلمەيمىز.

بىز ئوزىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىزنى ئېتىراپ
قىلىش بىللە خەلقىمىزنىڭ مەۋجۇتلىغىنى، تە -
رەققىياتىنى ۋە كەلگۈسىنى ئويلىغىنىمىزدا، يەنىلا ھا-
زىرقى ھالىتىمىزنى، جەمىيەتتىكى ئورنىمىزنى، ئار -
تۇقچىلىق، كامچىلىقلىرىمىزنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كې-
رەك. 20 - ئەسىرنىڭ بېشىدا قەشقەردە ئوتكەن ژې-
رىك جامائەت ئەربابى، دىنىي ئالىم، مۇتەپەككۇر شا -
ئىر ئابدۇقادىر داموللام (1862 - 1924) ئوز ئە-
سەرلىرىدە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئويغىنىپ، ئوز - ئوزى-
نى ئېتىراپ قىلىشنى، نادانلىق ۋە جاھالەتكە خاتىمە
بېرىشنى، ئىسلام دىنىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى توغرا
تونۇپ،ئېتىقادنى ساغلاملاشتۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قو -
يۇپ، ئورغۇن ئەمەلىي پائالىيەت ئېلىپ باردى. ئۇ
«ئەقائىد زورۇرىيە» ناملىق ئەسىرىدە:

- « ئىنساننىڭ خار ۋە زەبۇن بولماقىغا بەئىس
نېمەدۇر؟

- ئىككى نەرسىدۇر: بىرى جاھالەت ۋە نادانلىق،
ئىككىنچىسى تەپرىق ۋە ئىختىلاپتۇر.

- ئىززەت- ئابروي ۋە قۇۋەت نېمە بىلەن بولىدۇ؟

- ئىلىم، مەرىپەت ۋە ئىتتىپاقلىق بىلەن بولىدۇ»
دەپ يازغان بولسا، «نەسىھەتى ئاممە» ناملىق ئەسە-
رىدە:

«بۇ زامان غەپلەت ۋە بىپەرۋالىق زامانى ئەمەس،
ئويغىنىش ۋە سەگەكلىك زامانى، جاھىللىق ۋە نادان-
لىق دەۋرى ئەمەس، ئىلىم- مەرىپەت دەۋرىدۇر.سۇس-
لۇق ۋە بىكار تەلەپلىك ۋاقتى ئەمەس. تىرىشىش ۋە
غەيرەت قىلىش ۋاقتىدۇر. باشقا مىللەتلەر ئىلىم - مە-
رىپەت سايىسىدا ھاۋادا ئۇچۇپ پەرۋاز قىلماقتا، سۇ
ئاستىدا بولسا،خۇددى قۇرۇقلۇقتا ژۈرگەندەك ئەركىن
ئۈزۈشمەكتە. بىز تېخى غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتماقتى-
مىز. ئۇيقۇ بولسا ئولۇمنىڭ بۇرادىرى ۋە مۇقەددىمىسى-
دۇر. ۋاقىت ۋە پۇرسەت بار» دەپ خىتاپ قىلغان
ئىدى.

ئەندى يالقۇنلۇق شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر
(1896 - 1932) بولسا خەلقىمىزنىڭ نادانلىق،
خۇراپىيلىق،كالتە پەملىك ئوخشاش بەزى ئوۋسانلىرى-
نى پاش قىلىپ، خەلقنى ئوز ئازاتلىق، مۇستەقىللىغى-
غە ئۈندەپ يازغان:

«ئويغىنىپ كەتتى جاھان، مەغرىبى مەشرىقى تامام،
مەن تېخى سۈت ئۇيقۇدا چۈش كورۇپ ياتارمەن.
چول جەزىرە، دەشتۇ سەھرا ئىچرە قالدىم ئائىلاج،
ئاھ، قاچان بىر يول تېپىپ قوشۇلاي قاتارىمەن.»

شېرى ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارنى تەرەققىي قىلغان مىللەت-
لەر قاتارىغا كىرگۈزۈپ پەن - مەدەنىيەتتىن بەھرى-
مان بولۇپ، نادانلىق ئۇيقۇسىدىن قۇتۇلۇش مەخسى-
تىنى ياققال نامايەن قىلىدۇ.

مانا 20 - ئەسىرنىڭ بېشىدا ياشىغان ئالىم - شا -
ئىرلىرىمىز يازغىنىدەك، بىز ھېلىھەم نادانلىق ئۇيقۇسى-
دىن ئويغىنالمايۋاتقاندەك قىلىقلارنى قىلىپ ژۈر -
سەك 21 - ئەسىرنىڭ قاتتىق تەلەپلىرىگە جاۋاپ بې-
رەلمەي يەنى، ھازىرقى بازار ئىختىسادى ۋە قاتتىق
تاللاش تەلەپلىرىگە جاۋاپ بېرەلمەي شاللىنىپ قېلى-
شىمىز مۇمكىن. ھازىرقى بازار ئىختىسادىي مۇناسى-
ۋەتلىرىدىكى رىقابەتچىلىك ناھايىتى كەسكىن بو -
لۇپ، ئۇنىڭدا پەقەت كۈچلۈكلەرلا يېڭىپ چىقالاي-
دۇ. بۇ بولسا بىزدىن كوپ ئويلىنىشنى، يەنى خەلقى-
مىزنىڭ تەغدىرى ئۈستىدە زىيالىلىرىمىزنىڭ جىد -
دىي باش قاتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ھە، جەمىيەت ھامان تەرەققىي قىلىدۇ، مىللەتمۇ
شۇنداق تەرەققىي قىلىشى كېرەك. ئەينە شۇنىڭ ئۇ -
چۈن بىز ھازىرقى پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، ئوزى-
مىز ھەققىدە ئەستايىدىل ئويلىنىپ، ئوزىمىزنى ھەق-
قىي يوسۇندا ئېتىراپ قىلغان ھالدا باشقا تەرەققىي
ئەتكەن زامانىۋىي مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا
قەتئىي بەل باغلىشىمىز ھەقىقىي مۇددىئادۇر.

ئەگەر بىز ئوزىمىزنىڭ ھەقىقىي ئىشىمىزدا كېچى-
كىپ قالىدىغان بولساق، پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ
قويساق تارىخ بىزنى كەچۈرمەيدۇ. بىز ۋەتىنىنىڭ، مىل-
لەتنىڭ مەنپىيىتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ، پۈتكۈل
ھاياتىنى موشۇ ئىشقا ئاتا قىلغان ئابدۇقادىر داموللام،
ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كەبى ئەجداتلىرىمىزنىڭ ۋەسىيەت-
لىرىگە ئەمەل قىلىشىمىز كېرەك.

يادىكار سابىتي.

خىتاي ئەلچىخانىسى چېگارا كېلىشىملىرىنى ئورۇنلاش تەرەپدارى

بېيىل 6 - ئىيۇل كۈنى بىشكەكتىكى خى-
تاي ئەلچىخانىسىنىڭ مەتبۇئات خىزمىتى
1996 ۋە 1999 - ژىللىرى ئىمزالانغان
قىرغىزستان بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدى-
كى چېگارىنى بەلگۈلەش توغرىلىق كېلى-
شىملەر تەڭ ھوقۇقلۇق ۋە دوستانە مۇ -
زاكىرىلەر ئارقىلىق ئوز - ئارا بىر - بىرىنى
چۈشىنىش، بىر - بىرىگە يېنىكچىلىك قى-
لىش روھىدا پۇختا ۋە ئۇزاق ۋاقىت تەي-
يارلانغانلىغى ۋە ئىككى مەملىكەت ھەم
خەلقلەرنىڭ ئۇلۇق مەنپىيەتلىرىگە تو-
لۇق جاۋاپ بېرىدىغانلىغى ھەققىدىكى
خەۋەرنى تارقاتتى. ئەلچىخانىنىڭ پىكرى-
چە، كېلىشىملەر ئىككى مەملىكەت ئوتتۇ-
رىسىدىكى ياخشى خوشنىدارچىلىق ۋە
دوستلۇق مۇناسىۋەتلەر تەرەققىياتىنى ئال-
غا سۈرۈپ ۋە ئۇمۇمىي چېگارىنى دوست-
لۇق، تىنچلىق ۋە ھەمكارلىق چېگارىسىغا
ئايلاندۇرۇپ، خەلق ئارا ھوقۇق نورمىلى-
رىغا مۇۋاپىق ئونلىغان ژىللارغا سوزۇلغان
چېگارا تالاشلىرىنى ئۈزۈل - كېسىل ھەل
قىلدى.

كېلىشىملەرگە مۇۋاپىق، قىرغىزستان خى-
تايغا 125 مىڭ گېكتارغا يېقىن يەرنى
بېرىۋېتىشى لازىم. ئۇنى ھازىر قىرغىز چې-
گارىچىلىرى قوغدىماقتا. پارلامېنتنىڭ قا-
نۇن چىقىرىش ژىغىنى (توۋەنكى پالاتا)
ئاخىرقى بىر نەچچە ھەپتە داۋامىدا كېلى-
شىملەرنى مۇھاكىمە قىلدى، لېكىن ئۇلار-
نى بېكار قىلىش ئۈچۈن يېتەرلىك ئاۋاز
توپلالمىدى. 13 - ئىيۇندا ژىغىن 5 -
ئىيۇندا باشلانغان چېگارىنى بەلگۈلەشنى
توختىتىپ تۇرۇشنى توختام قىلدى، لې-
كىن ھوكۇمەت پالاتىنىڭ قارارى قانۇن-
سىز دەپ بىلدۈرۈپ، جەرياننى داۋام-
لاشتۇرماقتا. پارلامېنتنىڭ ژۇقارقى پالا -
تىسى لازىملىق ھوججەتلەرنىڭ يوقلىغى-
دىن كېلىشىمنى مۇھاكىمە قىلىشتىن ۋاز
كەچتى.

كېلىشىملەر 1996 - ژىلى 4 - ئىيۇل-
دا ۋە 1999 - ژىلى 26 - ئاۋغۇستتا
قىرغىزستان پرېزىدېنتى ئاسقار ئاقايېۋ ۋە
خ خ ج رەئىسى جياڭ زېمىن تەرىپىدىن
ئىمزالانغان ئىدى. كېلىشىملەر مەتىنلىرى
ئوچۇق مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنمىدى. ئەن-
دى ئىككىنچى كېلىشىم پارلامېنتتا ھەتتا
ھېچ قاچان قارالمىغان. ھوكۇمەتنىڭ ئەخ-
باراتىغا قارىغاندا، پارلامېنتنىڭ كونا تەركى-
ۋى بىرىنچى كېلىشىمنى 1997 - ژىلى
26 - دېكابىردا تەستىقلىگەن، لېكىن ھا -
زىرقى دېپۇتاتلار ھوقۇق قائىدىلىرىگە خى-
لاپ ھالدا قىلىنغانلىغىنى بىلدۈرمەكتە.
كونستىتۇتسىيە بويىچە، پەقەت پارلا-
مېنتلا دولەت چېگارىسىنى ئوزگەرتىش
ھوقۇقىغا ئىگە.



بۇ كۈنلەردە بارلىق ئېگىلىكلەردە
چوپ چېپىش قىزغىن كېتىپ بارىدۇ.
سەۋەي ياز ئايلىرى ئاياقلىشىپ، كۈز-
مۇ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتىدۇ. يېزا ئېگى-
لىگى كوئوپېراتىۋلىرى، شەخسىي ئې-
گىلىكلەر مالنى قىشتىن ئامان ساقلاپ
قېلىش ئۈچۈن مال ئوزۇغىنى مول تەي-
يارلاۋېلىشقا تىرىشماقتا.

سۈرەتتە: ئەمگەكچىقازاق ناھىيەسىنىڭ
پېچەنلىكلىرىدە مال ئوزۇغىنى تەييار-
لاش قىزغىن كېتىۋاتىدۇ.

رۇستەم يۇسۇپوۋ چۈشەرگەن سۈرەت.

پەيغەمبەر توغرىلىق فىلم

روسسىيەنىڭ ئالىي مۇسۇلمان روھانىي-
لىرىنىڭ ماقۇللىشى ۋە قوللاپ - قۇۋەتلى-
شى بىلەن پەيغەمبەر مۇھەممەدنىڭ ھايا-
تى توغرىلىق دۇنيادا دەسلەپكى قېتىم
تەسۋىرىي فىلم ئىشلەش باشلاندى. سا -
بىق «سويۇزمۇلتفىلم» ئاساسىدا چۈشى-
رىلىدىغان فىلمنى تەييارلاش ئۈچۈن
سەككىز مىللىون دوللاردىن ئوشۇق مەب-
لەغ سەرىپ قىلىش كوزدە تۇتۇلماقتا.

ئىشنى باشلاش ئالدىدا كوپ مىراژلىق
فىلم مۇئەللىپلىرىنىڭ بىرى ماگومېد ماگو-
مېدوۋ ئىسلام دۇنياسىدىكى ھورمەتلىك
ئادەملەر: روسسىيە مۇفتىلىرى كېڭىشىنىڭ
رەئىسى شەيخ غەينۇتدىن ۋە داغىستان
مۇسۇلمانلىرى دىنىي باشقارمىسىنىڭ رە -
ئىسى ئەخمەدھاجى ئابدۇللايېۋ بىلەن
ئۇچراشتى. م. ماگومېدوۋ ئۇلاردىن دۇئا
ئالدى ۋە فىلم پەقەتلا ئىسلام ئەللىرىدە
ئاممىباپلىققا ئىگە بولۇپ قالماي، بەلكى
شۇنداقلا باشقا دىنلار ۋە كىللىرى تەرىپى-
دىن ئىسلامنى چۈشىنىشنى شەكىللەندۈ-
رۈشتە تېگىشلىك رول ئويناپدىغانلىغىنى
تەكىتلىدى.

تارىخىي شەخسلەر

غوجانىياز ھاجىم

21 - ئەسىر كىرىشى بىلەن ئۇيغۇرلار «20 - ئەسىر ئادىمى» قاتارىغا غوجانىياز ھاجىمنى كىرگۈزمەكچى. غوجانىياز ھاجىم ھەقىقەتەن 20 - ئەسىر دەۋرىگە ۋەكىللىك قىلغۇچى مەشھۇر ئۇيغۇر ئىنقىلاپچىسى ۋە ھەربىي قوماندانىدۇر. ئۇ 1931 - يىلى قومۇلدا كوتىرىلگەن شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرستان) مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى سۈپىتىدە 1933-1934 - يىللىرى جەنۇبىي ئۇيغۇرستان مۇداپىئە قوماندانى ۋە 1934 - 1937 - يىللىرى «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھوكۇمەت»نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان.

غوجانىياز ھاجىم قومۇلنىڭ تاراتۇ يېزىسىدا «دورغا» (مىڭ بېگى) مەگسۇۋى بىلەن ئاتىغى چىققان ئىمىن نىياز ھاجىمنىڭ تۇنجى ئوغلى بولۇپ، 1889 - يىلى شۇ يېزىدا دۇنياغا كەلگەن. 17 يېشىدا قومۇلدا «خانلىق مەدرىسىنى» تاماملىغان. (شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى، 12 - سان). ئۇ 1907 - يىلى قوراي يېزىسىدا ئاكا - ئۇكا ئىسمائىل بىلەن ياقۇپ تورپاقلار (توپاق) رەھبەرلىك قىلغان تاغلىقلارنىڭ قومۇل ۋاڭى شامەخسۇتنىڭ ياگچىلىق تۈزۈمىگە قارشى قوزغىلاڭغا قاتنىشىدۇ. لېكىن قوزغىلاڭ خىتايلار تەرىپىدىن قاتتىق باستۇرۇلىدۇ. غوجانىيازنىڭ ئاتىسىنى زىندانغا تاشلايدۇ. غوجانىياز يوشۇرۇنۇپ ۋۇرىدۇ. خىتاي مەمۇرىيتى: «غوجانىيازنى كورگەن ئادەمگە 3 يامبۇ (ياكى 3 ئات)، تۇتۇپ بەرگەنگە 12 يامبۇ (ياكى 12 ئات) تارتۇق قىلىنىدۇ» دېگەن يارلىق چىقىرىدۇ. غوجانىيازنى ئانىسى تۇرپان - ئاستانىغا ئېلىپ كېلىپ، چوڭ باي ھەم مەرىپەتپەرۋەر مۇسۇل ھاجىم مۇھىتى قولىغا تاپشۇرىدۇ. ئۇ بۇ يەردە تاتار ئابىستايلارنىڭ جەدىد (پەننىي) مەكتىۋىدە ئوقۇيدۇ. بۇ جەرياندا كەلگۈسى ئىنقىلاۋىي سەپدىشى گېنېرال ماھمۇت مۇھىتى بىلەن تونۇشىدۇ.

1908 - يىلى غوجانىياز ئانىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەر ئارقىلىق ھەرەمگە تاۋاپ قىلىدۇ. 1912 - يىلى زامان بىر ئاز تىنچلانغاندىن كېيىن تارتتۇغا قايتىپ كېلىدۇ. دەل شۇ يىلى تۆمۈر خەلپە رەھبەرلىكىدە قومۇل ۋاڭلىق شامەخسۇتقا قارشى كوتىرىلگەن قوزغىلاڭغا بىرىنچىلەردىن بولۇپ قاتنىشىدۇ ھەمدە يۈز بېشى ھەربىي دەرىجىسىگە بەلگىلىنىدۇ. قوزغىلاڭچىلارنىڭ [illegible] تۆمۈر خەلپە [illegible] 1913 - يىلى قەتىل قىلىنىپ، ئەسكەرلىرىنى تارقىتىۋېتىشنى [illegible]. بىراق، غوجانىياز ھاجىم ئالدام خالتىغا چۈشمەي، ئاتلىق، تارباغاتاي، بورتالا تاغلىرىدا ئۆچلىق قىلىپ، 1914 - يىلى ياركەنتكە ئۆتۈپ، [illegible] بولىدۇ. 1918 - يىلى قاچ - قاچتا غۇلجا [illegible] قايتىپ كېلىدۇ. 1924 - يىلى يۇرتىغا قايتىدۇ.

قومۇل ۋاڭلىقى شامەخسۇت 1928 - يىلى ئۆلۈپ، ئورنىغا ئوغلى نەزەرۋاڭ بولىدۇ. ئۇ «دادام ۋاقتىدىكى ئىشلار سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ، كونا ئەنئەنە قايتىپ كەلمەيدۇ، خاتىرجەم تۇرمۇش قىلىڭلار» دېگەن ۋەدىلەرنى يارلىق چاپلىغاندى. غوجانىياز ھاجىم [illegible] «شىنجاڭ تارىخى ماتېرىياللىرى، 15 - سان). لېكىن خىتاي ھاكىمىيىتى 1922 - يىلى تورت چوڭ خاتا سىياسەت يۈرگۈزۈپ، 1931 - يىلى [illegible] مىللىي - ئازاتلىق ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. بۇ تورت چوڭ خاتالىقنىڭ بىرىنچىسى: [illegible] خىتاي مىللىتىدىن ۋالى [illegible] ئۈرۈمچىگە بىۋاستە بويسۇندۇرۇش [illegible] ئىككىنچى خاتالىق: قومۇلنىڭ [illegible] تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، «شەن (ناھىيە)، شاڭ (يېزا)» تۈزۈمىنى يولغا قويۇش بىلەن ئەمەلدارلارنى خىتايلاردىن بەلگۈلەيدۇ. ئۈچىنچى خاتالىق: يەرلىك مىللىي قوشۇنلارنى تارقىتىپ، خىتاي قوشۇنلىرىنى كوپەيتىدۇ. تورتىنچى خاتالىق: ئىچكى خىتايدىن خىتاي پۇخرالىرىنى كوچۇرۇپ چىقىپ، «بوز يەرلەرنى ئۆزلەشتۈرۈش» بانىسى بىلەن ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ سۇ مەنبەلىرىنى، بوز يەرلىرىنى تارتىپ ئالىدۇ. بولۇپمۇ، خىتاي چېرىكلىرى زورلۇق - زومبىلىق بىلەن ئۇيغۇرلارنى بەك خورلايدۇ. شۇنداقلا ئۇيغۇرچە يېزىلغان ياكى ئېغىزچە ئېيتىلغان ئەرىز، شىكايەتلەرنى چۈشەنمەيدىغان ئەمەلدار تېپىلمايدۇ. بۇ خورلۇققا تاقەت قىلىپ، چىدالمىغان قومۇل خەلقى 1931 - يىلى غوجانىياز ھاجىم رەھبەرلىكىدە مىللىي - ئازاتلىق قوزغىلاڭ كوتىرىدۇ. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭغا سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى موڭغۇلىيە ئارقىلىق ھەربىي ياردەم بېرىدۇ. قوزغىلاڭنىڭ مەخستى، ئۇيغۇرستاندىكى كومىنداڭ مۇستەبىت خىتاي ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ، ئازات مىللىي ئۆلكە قۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى.

غوجانىياز ھاجىم رەھبەرلىكىدىكى قومۇل مىللىي - ئازاتلىق ئىنقىلاۋىنى قوللىغان تۇرپان، پىچان، توخسۇن خەلقى مۇسۇل مۇھىتى بىلەن ماھمۇت مۇھىتىيلارنىڭ رەھبەرلىكىدە 1932 - يىلى قوزغىلىپ، ئۈچ ناھىيەنى قومۇل بىلەن تەڭلا ئازات قىلىدۇ.

قوزغىلاڭچىلار 1932 - يىلى كەچ كۈزدە ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىنى شىمال ھەم جەنۇبتىن قورشاپ ئېلىپ، 1933 - يىلى يانۋاردا ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم باشلايدۇ. غوجانىياز ھاجىم جىمسارنى بازا قىلىپ، ئۇرۇش ئېلىپ بېرىۋاتقان بىر مەزگىلدە سوۋېت ئىتتىپاقى: «مۇستەملىكە ئۇيغۇرستاننى خىتاي بىلەن تەڭ پايدىلىنىش» دېگەن ئىككى يۈزلىمە سىياسەتنى ئىشقا سالىدۇ. نەتىجىدە «سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈرۈمچىدىكى سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ ۋەكىلى» بولمىش ئەكبەر دېگەن كىشى موسكۋانىڭ تۆۋەندىكى ئۇختۇرۇشىنى ئېلىپ، جىمساردىكى غوجانىياز ھاجىمغا بارىدۇ:

1. سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈرۈمچىدە 1933 - يىلى 12 - ئاپرېلدا قۇرۇلغان يېڭى ھوكۇمەتنى تونۇيدۇ. (بۇ ھوكۇمەتنى ئورۇسلار ئوز قولى بىلەن ۋاقىتلىق قۇرغان ئىدى).

2. سوۋېت قىزىل ئارمىيەسى شىڭ شىسەي باشچىلىقىدىكى مەزكۇر يېڭى ھوكۇمەتنىڭ تەكلىۋى بىلەن ماجۇڭيىڭغا قارشى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن شىنجاڭ چېگارىسىغا كىرىدۇ؛

3. موسكۋانىڭ كېلىشتۈرۈش تەكلىۋى بويىچە شىمالىي شىنجاڭنى شىڭ شىسەي ئىدارىسىغا، جەنۇبىي شىنجاڭنى غوجانىياز ئىدارىسىغا تاپشۇرۇش؛

4. قوزغىلاڭچىلار ئەگەر ماجۇڭيىڭ بىلەن بىرلىشىپ، ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلسا، قىزىل ئارمىيە ئۇلارنىمۇ دۈشمەن سۈپىتىدە ماجۇڭيىڭ بىلەن قوشۇپ يوقىتىدۇ. (ھەمدۇللا تۇرپانى، تۈركىستان تارىخى، 94 - بەت. ئىستانبۇل، 1983 - ي.). بۇ خىل ھەربىي بېسىم ئاستىدا غوجانىياز بىلەن شىڭ ئوتتۇرىسىدا 10 ماددىلىق «بىرلەشمە ھوكۇمەت سۈلھى كېلىشىمى» تۈزۈلىدۇ. سوۋېت كونسۇلىمۇ گۇۋاچى سۈپىتىدە ئۈچ كىشى بولۇپ قول قويىدۇ. («تۈركىستان تارىخى»، 99 - بەت).

غوجانىياز ھاجىمنى بۇ ئۇلتىماتۇمنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىغان ئاساسلار تۆۋەندىكىچە:

1. سوۋېت ھەربىي كۈچىگە قارشى تۇرۇپ، يەر ئالالمايدىغانلىقىغا كوزى يەتكەنلىكى؛

2. ماجۇڭيىڭ قوشۇنىنىڭ ئۇيغۇرستانغا كىرىشتىكى مەخستى ئۇيغۇرلارغا بولۇشش ئەمەس، بەلكى تۇڭگان ھوكۇمىتىنى قۇرۇش ئارقىلىق ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن ھوكۇمرانلىق قىلىشتىن ئىبارەت بولغانلىقى؛

3. كېڭەش ھوكۇمىتىنىڭ ئۇيغۇرستانغا ئەسكەر كىرگۈزۈشتىكى مەخستى - قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئازاتلىق، مۇستەقىللىق غايىلىرىنىڭ ئىشقا ئېششىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بولغانلىقى؛

4. ئۇيغۇرستاندا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوستلۇق ئالاقە ئورنىتىدىغان، سوۋېت ئىمتىيازلىرىغا كونىدىغان، خىتاي - ئۇيغۇر مىللىي بوھرانىغا خاتىمە بېرىدىغان، خەلقىنىڭ ئىختىسادىي، مەدەنىي - مائارىپ ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان «يېڭى شىنجاڭ بىرلەشمە ھوكۇمەتنى قۇرۇش» دېگەن سىياسەتنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى...

غوجانىياز ھاجىم فۇكاڭدىكى ئۇيغۇر - خىتاي - رۇس ئۈچ تەرەپ كېلىشىمى بويىچە ئوز قوشۇنلىرىنى ئۈرۈمچى بوسۇغىسىدىن چېكىندۇرۇپ چىقىپ، ئاقسۇنى مەركەز قىلغان جەنۇبىي ئۇيغۇرستان مۇداپىئە قوماندانلىق شتابىنى قۇرۇپ چىقىدۇ. ئامما ماجۇڭيىڭ - تۇڭگان قوشۇنلىرىنىڭ ئۇيغۇرستانغا ئۇسۇپ كىرىپ، بولاپ - تالاپ، زومىگەرلىك قىلىشى - ئۇرۇش ۋەزىيىتىنىڭ تېخى تۈگىمىگەنلىكىنى بىلدۈرەتتى. ئەينى زاماندا تۇڭگان يېغىلىغى (ئۇرۇشى) ئۇيغۇر ھەم خىتايلار ئۈچۈن بىردەك ھەربىي، سىياسىي خوۋۇپ ئىدى. موشۇ سۈنئىي بولۇش نەتىجىسىدە ئۈرۈمچىدە شىڭ شىسەي باشچىلىقىدىكى مۇستەملىكىچى خىتاي ھاكىمىيىتى ئوتتۇرىغا چىققان بولسا، خوتەن ئىنقىلاپچىلىرى بۇ ھاكىمىيەتنى تونۇمىغان ھالدا، قارا قاشنى مەركەز قىلغان ھالدا، «مىللىي ھوكۇمەتنى» قۇرۇپ چىقتى. بۇنى ئاز دەپ قەشقەردە سابىت داموللا رەھبەرلىكىدىكى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ھوكۇمىتى قۇرۇلدى. بۇ ئىككى ھوكۇمەت بىر - بىرىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان ۋە بىرى ئىككىنچىسىنى ئوز تەركىۋىگە قوبۇل قىلمايدىغان مەھەللىۋىي شەكىلدە يۈز بەردى. بۇنىڭغا ئاقسۇدىكى غوجانىيازنىڭ «جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي - مەمۇرىي مەھكىمىسىنى» قوشقاندا، شۇ مەزگىلدە ۋەزىيەتنىڭ بەكمۇ كەسكىنلەشكەنلىكىنى بىلىۋالغىنى بولىدۇ.

دەل موشۇ پەيتتە قەشقەر كونا شەھەرنى خىتايلاردىن ئازات قىلغان توخسۇنلۇق تومۇر سىجاڭ (دىۋىزىيە كوماندىرى) غوجانىياز ھاكىمىيىتىنى تونۇپ، قەشقەرگە تەكلىپ قىلىدۇ. لېكىن خوتەندىن قەشقەرگە كەلگەن سابىت داموللا تومۇرنى ئىنا - ۋەتكە ئالماي، ئوز ئالدىغا ھەرىكەت ئېلىپ بارغانلىقتىن، بۇ ئىسلامچىلارنى تومۇر ھەپىسكە ئالىدۇ. ئاز زاماندىن كېيىن تومۇر سىجاڭ تۇڭگانلار قولىدا قەتلە بولغاندىن كېيىن سابىت داموللا ھەپسىدىن بوشاپ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى» قۇرۇپ چىقىدۇ. جۇمھۇرىيەت رەئىسلىكىگە غوجانىياز ھاجىمنى تايىنلاپ، قەشقەرگە كېلىپ، ئوز ۋەزىپىسىنى ئوتەشنى تەكلىپ قىلىدۇ.

غوجانىياز ھاجىم 1934 - يىلى 18 - يانۋاردا قەشقەردە داغدۇغىلۇق قارشى ئېلىنىدۇ ۋە «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەت رەئىسى، جەنۇبىي تۈركىستان باش قوماندانى» نامىدا پەرمانلارغا مۆھۈر باسىدۇ. (پولات قادىرى. ئۆلكە تارىخى، 92 - باب). موشۇ مەزگىلدە رۇس - خىتاي بىرلەشمە ئارمىيەسى قوغلاپ كەلگەن ماجۇڭيىڭ قىسمىلىرى قەشقەرگە ئىلگىرىلەپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنى پەيزاۋاتتا توساپ، يوقىتىش ئۇرۇشىغا قوماندانلىق قىلىدۇ. ئامما، دۈشمەن ئۈستۈنلۈك كېلىپ، قاتتىق يېڭىلىپ قالىدۇ ۋە قەشقەرنى بوشىتىپ بېرىپ، يېڭىسار ھەم ياركەنتكە چېكىنىدۇ. غوجانىياز ئەركەشتام سوۋېت چېگارىسىدا موسكۋا ۋەكىلى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارنىڭ فۇكاڭ كېلىشىمىدە غوجانىيازغا بەرگەن ئەھدىسى بويىچە بېرىلىدىغان قۇرال - ياراق، ھەربىي ئەسلىھەلەرنى تەلەپ قىلىدۇ. موسكۋا ئوزىنىڭ ئۇيغۇرستاننى ئىككىگە (شىمالنى شىڭ شىسەيگە، جەنۇبنى غوجانىيازغا) بولۇش ئالدىنقى قارارىنىڭ خاتا نەتىجە بەرگەنلىكىنى چۈشەنگەنمۇ، بۇ قېتىم غوجانىياز ھاجىمغا «بىر ئۆلكە، بىر ھوكۇمەت، بىر مەركەز» قۇرۇش قارارىغا كەلگەنلىكىنى ھەم غوجانىيازنى ئۆلكە مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە كورسىتىپ، بارلىق يازدەم ئۆلكە مەركىزى ئارقىلىق بېرىلىدىغانلىقىنى ئۇختۇرۇلىدۇ. جۈملىدىن، موسكۋا ۋەكىلى غوجانىيازغا يەنە سابىت داموللا ھوكۇمىتىنى تونۇمايدىغانلىقىنى ۋە ئۇ يوقىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. («تۈركىستان تارىخى»، 186 - بەت). غوجانىياز ھاجىم ئەركەشتامدىكى ۋاقىتتا سابىت داموللا ئىشخانىسى يېڭىساردا ئۇنىڭ ئۈستىدىن قارار ئېلىپ ھوكۇمەت رەئىسلىكىدىن ئېلىپ، خائىنلىقتا جازالىنىدىغانلىقى ئېلان قىلىنىدۇ. (غۇلام پاختا، «غوجانىياز ھاجىم»، «شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى» ئىستانبۇل، 1990 - ي. 25 - سان).

غوجانىياز ھاجىم مۇمكىن ئامالسىز قالغانلىقتىن رۇسلار كورسەتمىسىنى بەجىرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، قەشقەرگە قايتقان بولسا كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن ماھمۇت گېنېرال ئارقىلىق سابىت داموللانى قولغا ئېلىپ، مارالبېشىدىكى رۇس - خىتاي بىرلەشمە ئارمىيە شتابىغا تاپشۇرىدۇ. غوجانىياز ھاجىم 1934 - يىلى 12 - فېۋرالدا موسكۋا ۋەكىللىرى بىلەن ئەركەشتامدا ھاسىل قىلغان 12 ماددىلىق «بىرلەشمە ھوكۇمەت قۇرۇش كېلىشىمى» بويىچە شۇ يىلى ئاۋغۇستتا ئۈرۈمچىگە يوتكىلىپ، مۇئاۋىن رەئىسلىك لاۋازىمىغا ئولتۇرىدۇ.

غوجانىياز ھاجىم بىلەن سابىت داموللا ئوتتۇرىسىدىكى بوھران ئەسلىدە غوجانىيازنىڭ قەشقەر خەلقىنى تۇڭگانلار قىرغىنىدىن ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن شەھەردىن چىقىپ كېتىش قارارىغا سابىت داموللانىڭ قارشى چىققانلىقى، سابىت داموللا ھوكۇمىتى غوجانىيازنى ئۇنىڭ رۇسلار مەجبۇرلىغان «ئەركەشتام كېلىشىمى»گە بارغانلىقى بىلەن خائىنلىقتا ئەيىبلەپ، رەئىسلىك لاۋازىمىدىن قالدۇرغانلىقى ۋە يەنە غوجانىيازنىڭ «بىر ئۆلكە ۋە بىر ھوكۇمەت» قارارىغا كەلگەنلىكىگە شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ قارشى چىققانلىقى سەۋەب بولغان. ئۇمۇمەن، غوجانىياز ھاجىمنىڭ شىڭ شىسەي بىلەن سۈلھىگە كېلىش يولى مەلۇم مەنادا ئىنقىلاپنىڭ غەلىبە مېۋىسى بولۇپ، ئۇيغۇرستاننى تولۇق مۇستەملىكىلىكتىن يېرىم مۇستەملىكە ھالىتىگە ئېلىپ كەلگەن ئىدى. بۇنىڭ نىشانلىرى تۆۋەندىكىچە:

1934 - 1937 - يىللار ئىچىدە بىرلەشمە ھوكۇمەت دەۋرى ھوكۇم سۈردى. جەنۇبىي ئۇيغۇرستاندا خىتايلارنىڭ ۋالى، ھاكىم، ساقچى باشلىغى بولۇش ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى؛ ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىغى ھوكۇمران ئورۇنغا چىقتى. ئۇيغۇر مەدەنىي، مائارىپ ئوچاقلىرى كوپلەپ قۇرۇلۇشقا باشلىدى؛ ئارمىيە بىلەن ساقچىلار مىللىي قىسملاردىن قۇرۇلدى؛ مالىيە، چېگارا، تاشقى ئالاقە، سىياسىي - قانۇن مەھكىمىلىرى ئۇيغۇرلار ئىلكىگە ئوتتى؛ بۇلارنىڭ ھەممىسى قومۇل مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلاپنىڭ سەمەرىلىرى ئىدى، ئەلۋەتتە.

غوجانىياز ھاجىم مۇئاۋىن رەئىسلىك لاۋازىمىدىن پايدىلىنىپ، نېمە ئىش قىلدى، دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، تۆۋەندىكىلەرنى ئاتاپ ئوتۇشكە بولىدۇ: ئۇنىڭ شەخسىي يېتەكچىلىكىدە ئۈرۈمچى - قورغاس، ئۈرۈمچى - قەشقەر، قەشقەر - ئەركەشتام، ئۈرۈمچى - قومۇل ئاۋتوموبىل تاش يوللىرى ياسالدى. شۇنداقلا ئۈرۈمچى، غۇلجا، قومۇل، قەشقەر ئاۋتوموبىل شىركەتلىرى بىلەن «كېڭەش - شىنجاڭ سودا شىركىتى» قۇرۇلدى. چوڭ شەھەرلەر ئېلېكترلەشتۈرۈلدى. مال ئەسلەندۈرۈش، ئون، پاختا، ماي، تېرە ئىشلەش زاۋۇتلىرى، ئاكسىونېرلىق شىركەتلەر بىلەن تىجارەت بانكىلىرى قۇرۇلدى. بارلىق جايلاردا مەدەنىي - مائارىپ ئۇيۇشمىلىرى، پەننىي مەكتەپلەر، تېياتىرلار، كەسپىي ئوقۇش يۇرتلىرى، تىببىي - داۋالاش ئورۇنلىرى بارلىققا كەلدى.

قومۇل ئىنقىلاۋى خەلقىمىزگە ئىنقىلاۋى كۈرەش ئارقىلىقلا خىتاي مۇستەملىكىچىلىك تۈزۈمىنى بارغانچە ھالسىزلاندۇرۇپ، مىللىي ھوقۇق - مەنپىئەتىمىزنى ھىمايە قىلالايدىغانلىقىمىزدەك تارىخىي ساۋاقنى بەردى. بۇ ئىنقىلاپ - خىتاي مۇستەملىكىچىلىكىنىڭ ئۇيغۇرستاندا يەككە خىتاي ھاكىمىيىتىنى شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن داۋاملىق ساقلاپ قالالمايدىغانلىقىنى ئۇختۇردى. لېكىن، گومىنداڭ ھاكىمىيىتى 1937 - يىلغا ئېتىۋارەن، بۇ تارىخىي ھوكۇمگە خىلاپلىق قىلىپ، بۇرۇنقى يەككە خىتاي ھاكىمىيىتىنى قايتا تىكلەشكە 1944 - يىلقى مىللىي - ئازاتلىق ئىنقىلاپنىڭ پارتلىشىغا سەۋەب بولدى. مىللىي زۇلۇمدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىن - بىر چارىسى - مىللىي - ئازاتلىق كۈرەش ئىكەنلىكىنى تارىخ تەستىقلەپ بېرىدۇ.

باتۇر راشىدىن.

شاڭخەي بىتىمى: ھەممە دېگىدەك - غۇۋا، تەخمىنەن ۋە ئېھتىمال

ئازاتلىق رادىئوسى، 2001 - ژىل 28 - ئىيۇن

پراگرامما مۇھەررىرى تېڭگىز گۇداۋا

تېڭگىز گۇداۋا: يېقىندا ختاينىڭ شاڭخەي شەھرىدە ئالتە دۆلەت: ختاي، روسسىيە، قازاقستان، ئۆزبەكستان، تاجىكستان ۋە قىرغىزستان رەھبەرلىرىنىڭ ئۇچرىشىشى بولۇپ ئۆتتى ۋە ئىلگەركى «شاڭخەي بەشلىگى» شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا (ش ھ ت) ئۆزگەرتىلدى. شۇ نەرسە ياخشى مەلۇمكى، يەر يۈزىدىكى دۇنيا ئاھالىسىنىڭ چارەك قىسمىنى بىرلەشتۈرىدىغان ئىنسانىيەت تارىخىدىكى بۇ ئەڭ چوڭ خەلق ئارا بىرلەشمىدۇر. شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا باغلىق بارلىق باشقا نەرسىلەر - غۇۋا، تەخمىنەن ۋە ئېھتىمال. ئەتىمالىم، بۇ ئويدىكى قارشى سالماق، ياكى بىردىن - بىر دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەت - قوشما شتاتلارغا قارشى قۇرۇلغان نەرسىدۇر. بۇ - ختاينىڭ مەركىزى ئاسىيە رېگىئونىنى ئۆز قولىغا ئېلىۋېلىشقا بولغان ئىنتىلىشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس. ئىسلام كېڭەيمىچىلىكى خوۋۈپى ئالدىدا كوللېكتىۋلىق بىخەتەرلىك ئىدىيەسىمۇ غۇۋا كۆرۈنگەندەك قىلىدۇ. ۋە ھاكازا ۋە باشقىلار.

بۇ سۆھبەت ماۋزۇسىنى ئازاتلىق رادىئوسىنىڭ پراگىدىكى ستۇدىيەسىدە ئازاتلىق رادىئوسى قازاق رېداكسىيەسىنىڭ خادىمى مېرخاد شەرىپجان، قىرغىز رېداكسىيەسىنىڭ خادىمى نارىن ئايىپ، ئازاتلىق رادىئوسىنىڭ ئۆزبېك رېداكسىيەسىنىڭ خادىمى گۈلنوزا سەئىدئەزىموۋا ۋە موسكۋادىكى «مېمورىئال» ھوقۇقنى ھىمايە قىلىش مەركىزى مەركىزىي ئاسىيە پروگراممىسىنىڭ ئۇيغۇنلاشتۇرغۇچىسى ۋىتالىي پونوماريوۋ مۇھاكىمە قىلىدۇ.

شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى، قىسقارتمىسى - ش ھ ت. ئىدىيەۋى ۋە مەمۇرىي دائىرىلىرى ھازىرچە تېخى شەكىللەنمىگەن، ياكى ئېيتايلۇق، تېخى مۇجمەل تەشكىلات. ۋىتالىي پونوماريوۋ، ئېيتقا، بۇ تەشكىلات روسسىيە ئۈچۈن قانداق رول ئوينايدۇ؟

ۋىتالىي پونوماريوۋ: ھە دېگەندە «شاڭخەي بەشلىگى» - بۇ يېتەرلىك دەرىجىدە تار مەخسەتلەرنى ئۆز ئالدىغا قويغان - چېگرىداش رېگىئونلاردا ھەربىي قارىمۇ - قارشىلىق دەرىجىسىنى پەسەيتىش ۋە ھەمكارلىقنى تەرەققىي ئەتكۈزۈش تەشكىلاتى ئىدى...

تېڭگىز گۇداۋا: بۇ مەخسەت ئاساسىي جەھەتتىن قولغا كەلتۈرۈلدى...

ۋىتالىي پونوماريوۋ: ھە، پرىنسىپ جەھەتتىن بۇ مەخسەت قولغا كەلتۈرۈلدى، لېكىن ئورۇغۇن مۇئامىلار مەۋجۇت. مېنىڭچە بولغاندا، ھازىر ھەممىدىن ئاۋۋال روسسىيەدە ھاكىمىيەت ئورۇنلىرى بۇ تەشكىلاتقا ئىسلام ئېكستىرېمىزمى خوۋۈپىغا قارشى كۆرۈشتىكى ۋاستە سۈپىتىدە قارىماقتا.

تېڭگىز گۇداۋا: شۇنى ئېيتىش كېرەككى، دەسلەپ مەخسەت تار دائىرىدە ئىدى. يەنى چېگرا رايونلىرىدا كەسكىنلىكنى پەسەيتىش كوزدە تۇتۇلغان ئىدى، لېكىن ياۋروپا بىخەتەرلىكى (ئو ب س ئې) ئوخشاش، ئېيتايلۇق، ئاسىيە بىخەتەرلىكى دېگەن چۈشەنچە بار. بۇ ئىدىيە ئەڭ بېشىدىلا مەۋجۇت ئىدى. ئەندى بولسا ئۇ تېخىمۇ مۇھىم نەرسىگە ئايلانغان بولسا كېرەك. ئەتىمالىم... بىخەتەرلىك - شاڭخەي ئىتتىپاقىنى قۇرۇشنىڭ ئېھتىمال بولغان ئىدېئولوگىيەلىك سەۋەپلىرىنىڭ بىرى بولسا كېرەك. چۈشىنىشلىككى، ختاي ئۆزىنىڭ «ئېھتىمال بولغان چېچەنستانى» بارلىقى سەۋەبىدىن - مەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى كوزدە تۇتۇۋاتىمەن، - ئىسلام تېررورىستلىرىدىن، پىدايىلاردىن، ئېكستىرېمىستلاردىن قورقىدۇ... مېرخاد شەرىپجان، سىزگە سوئال - «ئۇيغۇرستاندىكى» ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ جۇشقۇنلۇقى قانداق؟

مېرخاد شەرىپجان: بۇ يەردە قايچىلىشىدىغان ئىككى نۇقتا بار - روسسىيە تەرەپتىن - بۇ چېچەنستان، ختاي تەرەپتىن - بۇ «ئۇيغۇرستان» ياكى «شەرقىي تۈركستان». 50 - يىللارغىچە تارىختا ئۇنى شۇنداق دەپ ئاتاش قېلىپلاشقان ئىدى.

تېڭگىز گۇداۋا: بۇ نام نەق ختاي ئۈچۈن ناھايىتى خوۋۇپلۇقتە...

مېرخاد شەرىپجان: ئۇلار بۇ يەرنى «شىنجاڭ» دەپ ئاتاشنى ئەۋزەل كورىدۇ، ئۇ «يېڭى چېگرا» مەنىسىدە تەرجىمە قىلىنىدۇ. ئۇلار بۇ يەر ئەڭ ئاخىرىدا زورلۇق بىلەن بېسىۋېلىنغانلىقىغا، يەنى قاچاندۇ بىر چاغلاردا بۇ يەرلەردە ختايلارنىڭ بولمىغانلىقىغا كېلىشىدىغاندەك قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار - بۇ ھەر دايىم ختايدا باش ئاغرىقى بولۇپ كەلگەن، ئەندى ئاخىرقى ۋاقىتلاردا بولسا، بولۇپمۇ س س س ر نىڭ پارچىلىنىشى بىلەن، مەدەنىي، مەنىۋى، دىنىي جەھەتلەردىن بەزى - بىر ئوتتۇرا ئاسىيەنىڭ ئاجرالماس قىسمى بولۇپ ھېساپلىنىدىغان ئۇيغۇرلار قازاقستان، ئۆزبەكستان، قىرغىزستان، تاجىكستانلارنىڭ مۇستەقىل دۆلەتلەرگە ئايلانغانلىقىنى كورۇپ، ئۇلار، تەبىيكى، ئەندى ئۆزلىرىنىڭ كېلەچىكىنى مۇستەقىل دۆلەت سۈپىتىدە كورمەكتە، مانا بۇ، تەبىيكى، بېيجىڭنىڭ تەشۋىشىنى پەيدا قىلماقتا. لېكىن مەن بىر نەرسىنى تەكىتلەشنى خالىغان بولار ئىدىم: ئۇيغۇرلار، ئاساسىي جەھەتتىن،پەقەت ش ئۇ ئار دىلا ئاكتىۋلىشىپ قالماي، ئۇلارنىڭ تەشكىلاتلىرى قازاقستاندىمۇ خېلە ئاكتىۋ، قىرغىزستاندا سەل پەسرەك، ئەندى ئۆزبەكستاندا بولسا ئۇلار ئاكتىۋ دەپ ئېيتالمايمەن،چۈنكى بۇ يەردە ئۇلار ئاز، بەزىلىرىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ كوپچىلىكى ئۆزبەك بولۇپ كەتكەن... نەق ئەينە شۇ شاڭخەي ئۇچرىشىشى ھارپىسىدا ئالمۇتىدىكى ئۇيغۇر ئاكتىۋىستلىرىنىڭ بىرى - دىلبىرىم ساماساقوۋانىڭ ئولتۈرۈلگەنلىكى مەلۇم بولدى. ئۇ 24 - ماي كۈنى غايىپ بولدى، ئەندى 29 - ماي كۈنى بولسا ئۇنىڭ جەسىدى قاپچىغايدىن تېپىلدى. مەن ئەلۋەتتە بۇ تەساددىپىي توغرا كېلىپ قالغان ھادىسە دەپ ئېيتىشىم مۇمكىن، لېكىن مۇنداق تەساددىپىيلىقلار ناھايىتى ئورۇغۇن بولماقتا. «تۇران - ئالېم» بانكىسىنىڭ بۇلىنىشىدا - يەنە ئىككى ئۇيغۇر فامىلىياسى ۋە يەنە كېلىپ ئادەتتىكى ئىككى ئۇيغۇر فامىلىياسى بولماي، بەلكى «شەرقىي تۈركستاننى ئازات قىلىش ئىنقىلاۋىي فرونتى» دەپ ئاتالمىش تەشكىلاتنىڭ لىدېرى يۈسۈپبەگ مۇخلىسىنىڭ ئوغلى بۇ بۇلاڭچىلىقنى ئۇيۇشتۇرغۇچى دەپ ئېلان قىلىندى. بۇ بۇلاڭچىلىق - دەھشەتلىك قۇراللىق ھۇجۇم قىلىش بولۇپ، ئۇنىڭ نەتىجىسىدە 3 ئادەم ھالاك بولغان. مەن شۇنداقلا بۇنى روسسىيەدىكى چېچەنلارغا قارشى كەيپىياتنى ئۇۋج ئالدۇرۇش بىلەن سېلىشتۇرۇۋاتىمەن - خۇددى موشۇ ئەھۋال قازاقستاندىمۇ يۈز بېرىۋاتىدۇ دەپ ئېيتىش مۇمكىن. چۈنكى نەق ئەينە شۇ دىلبىرىم ساماساقوۋا ئۆز ۋاقتىدا ئوشقا بارغان ۋە ئوشتا ئولۇمگە ھوكۇم قىلىنغان ئۇيغۇر تېررورىستلىرى دەپ ئاتالغان كىشىلەرگە ياردەم قىلىشقا ئورۇنغان، ئۇ ئوتكەن ژىلى سېنتەبىردە ئېتىشتىن ئولتۈرۈلگەن ئۇيغۇرنىڭ بالىلىرىنى ختايغا بېرىۋېتىمەسلىك ئۈچۈن ناھايىتى ئورۇغۇن ئىش قىلغان ئادەم؛ ئۇ بالىلارنىڭ ئانىسىنىڭ تەغدىرىگە تەشۋىشلىنىپ، ئۇنىمۇ ختايغا بېرىۋېتىمەسلىكىنى قولغا كەلتۈرگەن... مەن ئۇنىڭ بولۇپمۇ شاڭخەي ئۇچرىشىشى ھارپىسىدا بۇگۈنكى قازاقستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىغا مۇناسىۋەتلىك كوپلىگەن مەسىلىلەرنى يورۇتىشى مۇمكىن بولغان قانداقتۇ ئەخباراتتىن خەۋىرى بار، دەپ پەرەز قىلىمەن.

تېڭگىز گۇداۋا: ۋىتالىي پونوماريوۋ، سوز سىزگە...

ۋىتالىي پونوماريوۋ: مەن بۈگۈندىن 10 كۈن ئىلگىرى دېگىدەك بىشكەكتە ئۇيغۇرلارنىڭ لىدېرلىرى بىلەن ئۇچراشقان ئىدىم، ئۇ يەردە تەكشۈرۈلمىگەن بىر سوز بولۇۋېدى، لېكىن ئۇنىڭ ھەقلىقىغا ئۇيغۇر لىدېرلىرى ئىشىنەتتى - يېقىندا، ئاپرېلدا، ختاي ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىنىڭ چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قاتار لىدېرلىرىنى يوقىتىش توغرىلىق مەخپىي قارارى قوبۇل قىلىنغان، مانا ئەندى بۇ ئايال بىلەن بولغان ۋاقىە - بۇ ئەينە شۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ دەسلەپكى بەلگۈلىرىنىڭ بىرى...

مېرخاد شەرىپجان: مەنمۇ بۇ توغرىلىق ئاڭلىغان، لېكىن مېنىڭچە بولغاندا، بۇ يەردە ختاينىڭ مەخسۇس خىزمەت ئورۇنلىرى ئۆزلىرىنىڭ قازاقستانلىق خىزمەتداشلىرىنىڭ ياردىمىسىز بىر ئىش قىلالمىغان بولار ئىدى، چۈنكى ھەر ئىككى تەرەپ شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى دەپ ئاتالمىشنىڭ ئەزالىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

تېڭگىز گۇداۋا: مېنىڭچە بولغاندا، بۇنىڭغا ئەجەپلىنىشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك، ئەتىمالىم، شاڭخەي ئۇچرىشىشىنىڭ ئوچۇق ئېلان قىلىنغان پروتوكوللىرىغا قوشۇمچە قانداقتۇ مەخپىي پروتوكوللارمۇ بولغان. ھە، ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، بۇ تەشكىلات بىخەتەرلىكنى، كوللېكتىۋلىق بىخەتەرلىكنى، ئاسىيە بىخەتەرلىكنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن مەۋجۇت بولماقتا. ئەندى بىرىنچى نۆۋەتتە، كىمدىن بىخەتەر بولۇشنى كوزلەيدۇ؟ ئىسلام ئېكسترېمىسلىرىدىن. ئۇيغۇرلار ھەرىكىتى بۇ ئىسلام خوۋۈپى ھالقىسىنىڭ بىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. لېكىن ئەگەر «ئۇيغۇرستان» - بۇ شاڭخەي فورۇمىنىڭ تېخى يۈز بېرىشى ئېھتىمال بولغان باش ئاغرىقى بولسا،ئۆزبەكستان - ئەندى مۇئامما، چۈنكى ئىككى ژىل ئۇدا ئۇ يەرگە ئاۋغانىستاندىن ئىسلام پىدايىلىرى، ئېنىتىكلىق ئۆزبەكلەر، ئۆزبەكلەر ھەرىكىتى ... بېسىپ كىرمەكتە. گۈلنوزا سەئىدئەزىموۋا، سىزگە سوئال - ئۆزبەكستان «شاڭخەي بەشلىگىگە» قوشۇلدى. ئۆزبەكستان بۇ تەشكىلاتنىڭ قالغان بەش ئەزاسىغا قارىغاندا ختاي بىلەن ئومۇمىي چېگرالىرى يوق، نېمە ئۈچۈن ئۆزبەكستان بۇ تەشكىلاتقا كىردى؟

گۈلنوزا سەئىدئەزىموۋا: مەن باشتىلا شۇنىڭغا ئېنىقلىما بېرىشنى خالىغان بولار ئىدىمكى، «ئۆزبەكستان ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ» تەركىۋىگە پەقەتلا ئېتنىكلىق ئۆزبەكلەرلا ئەمەس، شۇنداقلا چېچەنلەر، ئۇيغۇرلار ۋە باشقىلار كىرىدۇ، نەق ئەينە شۇ سەۋەپتىن بۇ ھەرىكەت روسسىيە ۋە ختاي ھوكۇمەتلىرى تەرىپىدىن ئۆزبەكستان ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى رېگىئونىنىڭ بارلىق دۆلەتلىرى ئۈچۈن خوۋۈپ تۇغدۇرىدىغانلىقى سۈپىتىدە قارالماقتا. ئۆزبەكستان رېگىئوندىكى ھەر قانداق باشقا بىر دۆلەتكە ئوخشاش ئۆز بىخەتەرلىكىنى مۇستەقىل تەمىنلەشكە قادىر ئەمەس. ئۆزبەكستانغا م د ھ دائىرىسىدە چاپسان ھەرىكەت قىلىش كۈچلىرىنى قۇرۇش بويىچە مۇزاكىرىلەرگە ئىشتىراك قىلىش ئەمەس، بەلكى ئۆزبەكستان دايىم رېگىئوندا روسسىيەنىڭ تەسىر دائىرىسىنى پەسەيتىشكە ئىنتىلىپ كەلگەن ۋە ئۇنىڭغا بىر كۈچلۈك دۆلەت - روسسىيەنىڭ يەنە بىرى - ختايغا تاقابىل تۇرۇشى، ياكى ئەكسىچە، ختاينىڭ روسسىيەگە تاقابىل تۇرۇشى مۇمكىن بولغان ئىككى قۇتۇپلۇق تەشكىلاتقا كىرىش پايدىلىق ئىدى.

تېڭگىز گۇداۋا: ماڭا شاڭخەي تەشكىلاتىنىڭ رېگىئوندا بىخەتەرلىكنى قانداق ساقلايدىغانلىقىنى چۈشىنىكسىز. ئېيتايلۇق، ئەگەر ئاۋغانىستاندىن ياكى تاجىكستاندىن قىرغىزستان ئارقىلىق پىدايىلار كىرسە، ئۆزبەكستاننىڭ بىخەتەرلىكى قانداق تەمىنلىنىدۇ، - ختاي ئەسكەرلىرى ياردەمگە كېلەمدۇ؟ ياكى بىخەتەرلىك دوكترىنىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى چۈشىنىكسىز...

گۈلنوزا سەئىدئەزىموۋا: مېنىڭچە بولغاندا، تەشكىلاتنى كەڭەيتىش بارلىق دۆلەتلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان قانداقتۇ ئومۇمىي ستراتېگىيەنىڭ بولمىغانلىقىدا يۈز بەرگەن.

مېرخاد شەرىپجان: مېنىڭچە بۇ تەشكىلاتنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە كەڭەيتىلىشى - ئۇ بەزى بىر كوپ جەھەتتىن دېكلاراتسىيە خاراكتېرىغا ئېگە.روسسىيەگە ھەممىدىن ئاۋۋال ئۆز خەلقىگە، پۇتىنغا بولسا روسسىيەلىكلەرگە - ئىسلام ئاملى - بۇ روسسىيەنىڭلا مۇئاماسى بولماي،بەلكى خەلق ئارا ئامىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش كېرەك ۋە موشۇنداق ئۇسۇل بىلەن ئۇ «مىللىي - ئازاتلىق ھەرىكەت» چۈشەنچىسىنى «ئىسلام خوۋۈپى» چۈشەنچىسى بىلەن ئالماشتۇرۇشقا ئورۇنماقتا. بۇ مەسىلىنىڭ بىرىنچى تەرىپى، ئەندى ئىككىنچى تەرىپى بولسا - غەرپكە «مېنىڭ تايىنىدىغان يېرىم بار» دېگەننى ئىشارە قىلىشتىن ئىبارەت.شاڭخەي ئۇچرىشىشى ئوتۇپ، ئىككى كۈندىن كېيىن جىياڭ زېمىننىڭ جورج بۇشقا يازغان خېتىنى پۇتىننىڭ ئاپىرىپ بەرگەنلىكىنى بىلىمىز، - ئۇ گويا خەت توشۇغۇچى بولۇپ ئىشلەۋاتقاندەك... مېنىڭ پىكرىمچە، ئاساسىي جەھەتتىن ختاي بۇ تەشكىلاتنىڭ لىدېرى.

تېڭگىز گۇداۋا: گۈلنوزا، سىز قوشۇمچە قىلىشنى خالامسىز؟

گۈلنوزا سەئىدئەزىموۋا: مەن كېلىشمەيمەن، مەن پۇتىن «خەت توشىغۇچى» سۈپىتىدە ھەرىكەت قىلدى دەپ ھېساپلىمايمەن، بۇ رەمز بولدى. بۇ ئىككى دۆلەت بىرلەشكەنلىكىنىڭ رەمزى بولدى، شاڭخەي ئۇچرىشىشىنىڭ ناتوغا ئەزا ئەللەر رەھبەرلىرى ئۇچرىشىشىدىن ئىككى كۈن ئىلگىرى بولغانلىقى ۋە ئومۇمەن ئا ق ش پرېزىدېنتى جورج بۇشنىڭ ياۋروپىغا سەپەر قىلغان ۋاقتىدا ۋە ئۇنىڭ ناتو بويىچە ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن ئوتكۈزىدىغان ئۇچرىشىشلىرى ھارپىسىدا يۈز بەرگەنلىكى بېكار ئەمەس... بۇ ناتونىڭ شەرىققە، بىرىنچى نۆۋەتتە پرىبالتىكىغا ئېھتىمال بولغان كېڭەيتىلىشىگە جاۋاۋەن قىلىنغان ئىنكاستۇر. پۇتىن «ئەگەر بىر مەسىلە يۈز بەرسە، بىز بىللە تاقابىل تۇرىمىز» دېگەننى كورستىش ئۈچۈن جىياڭ زېمىننىڭ خېتىنى ئېلىپ بارغان...

تېڭگىز گۇداۋا: ئەگەر بىز شاڭخەي تەشكىلاتى چېگرىلاردا كەسكىنلىكنى پەسەيتىش ئۈچۈن قۇرۇلغانلىقىنى ئەسلىسەك ۋە ژۇقۇرىدا بىز تەكىتلەپ ئوتكەندەك، بۇ مەخسەتلىك، ئاساسىي جەھەتتىن قولغا كەلتۈرۈلگەنلىكىنى قەيت قىلساق - لېكىن شۇنىڭغا قارىماي، قىرغىزستان - ختاي چېگرىسىدىكى ۋەزىيەت غەلىتە كورۇنىدۇ.شاڭخەيدە قىلىنغان تەنتەنىلىك بىلدۈرۈشلەر ئۇۋج ئالغان بىر مەزگىلدە، قىرغىزستاندا قىرغىزستان - ختاي چېگرىلىرى مۇناسىۋېتى بىلەن پارلامېنتتا جاڭجال پەيدا بولدى.نارىن موشۇ ماۋزۇنى داۋاملاشتۇرسىڭىز...

نارىن ئايىپ: بۇ شاڭخەي ئىتتىپاقىنى ئومۇمەن ئالىدىغان بولساق، ئۇ روسسىيەگە كېۋسىياسىي جەھەتتىن پايدىلىق - ئۇ قانداقتۇ غەرپكە قارشى تەشكىلاتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرمەكتە،يەنە كېلىپ شاڭخەي ئىتتىپاقىنىڭ ئۇچرىشىشلىرىنىڭ بىرىدە ئىنسان ھوقۇقلىرى - بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىش دەپ جاكالانغان - بۇ نەق ئەينە شۇ شاڭخەي ئىتتىپاقىنىڭ ئىچىدە قىلىنغان ئىدى. يەنى بۇ تەشكىلات رەھبەرلەرنىڭ، ختاينىڭ كوممۇنىستىك رەھبەرلىرىنىڭ، روسسىيەنىڭ ھازىرقى رەھبەرلىرىنىڭ ۋە بىردىنلا موسكۋادىنمۇ ۋە ئۆز خەلقىدىنمۇ مۇستەقىل بولغان ھېلىقى ئوتتۇرا ئاسىيە ھاكىملىرىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن قۇرۇلماقتا. بۇنىڭدىن ختايمۇ ناھايىتى چوڭ پايدا ئالىدۇ: بىرىنچىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى قامال قىلىدۇ، ئۇ يەردە سابىق س س س ر دىكى دېموكراتىك ئۆزگىرىشلەرنىڭ تەسىرى ئاستىدا مىللىي - ئازاتلىق ھەرىكەت بېشىنى كوتىرىشكە باشلىغان، شۇنداقلا ختاي ئۆزى مەنپىيەتدار بولغان يەرلەرگە ئېگە بولىدۇ. تەۋەسى مەركىزىي ئاسىيە جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ بىرسى بىلەنمۇ تەكشۈرۈپ بولمايدىغان چوڭ ختاي ئۆزى بىلەن چېگرىداش بارلىق بۇ جۇمھۇرىيەتلەردىن، شۇ جۈملىدىن ھەتتا روسسىيەدىنمۇ يېڭى يەرلەرنى ئالىدۇ. قازاقستان 500 مىڭ گېكتار، قىرغىزستان - 125 مىڭ گېكتار ۋە تاجىكستان - 40 مىڭ گېكتار يەرنى بېرىدۇ. بۇ يەردە قىرغىزستاننىڭ پەرقى شۇنىڭدىكى، تاجىكستاننىڭ پارلامېنتىمۇ، قازاقستاننىڭ پارلامېنتىمۇ بۇ مەسىلىنى كوتەرمىدى. ئۇلار ختايغا ئۆز يەرلىرىنى بېرىۋېتىش ئۈچۈن ئېغىز ئاچماي رازى بولدى ۋە پەقەت قىرغىزستان پارلامېنتىلا بۇ مەسىلىنى كوتەرمەكتە، ئەندى قىرغىزستان رەھبەرلىكى بولسا بۇ شاڭخەي ئىتتىپاقىدىن پايدىلىنىپ، ئوچۇق دېگىدەكلا: «شاڭخەي فورۇمى ئالدىدا بۇ مەسىلىنى كوتەرمەيلى» دېمەكتە. نېمە ئۈچۈن بۇ مەسىلىنى كوتىرىشكە بولماتتى؟ كەينىنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، ئىش شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، قىرغىزستاندىمۇ بۇ مەسىلە بىر تەرەپ قىلىنمايدۇ ۋە پارلامېنتتىمۇ، جەمىيەتتىمۇ ھېچ كىم قىرغىزستان رەھبەرلىكىنىڭ ختاي مەنپىيەتلىرىنى ھىمايە قىلىۋاتقانلىقىغا تاقابىل تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس.

تېڭگىز گۇداۋا: مەن ۋەزىيەتنى روشەنلەشتۈرۈشنى خالىغان بولار ئىدىم: ماھىيەت شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بۇ شەرتنامىلار مەخپىي تۈزۈلگەن، يەنى ئۇلارنىڭ مەتىنلىرى ھېچ يەردە ئېلان قىلىنمىغان، پرېزىدېنتلار تەرىپىدىن ئىمزالانغان بولسىمۇ، بۇ مۇتلەق مەخپىي دەرىجىدىكى كېلىشىملەر ئىدى... نارىن، مۇنداق شەرتنامىلارنى ئىمزالاش ئۈچۈن جاۋاپكەر بولغان ئادەملەر - ئۇلار ئىمزالىغان شەرتنامە نەتىجىسىدە مەملىكەت ئۆز تەۋەسىنىڭ بىر قىسمىدىن مەھرۇم بولىدىغانلىقىنى قانداق ئاقلايدىكەن؟

نارىن ئايىپ: چېگرىنى ئېنىقلاش، بەلگۈلەش ئىشلىرىنىڭ موشۇ جەريانىغا جاۋاپكەر قىرغىزستان ھوكۇمىتىدىكى بولۇمنىڭ باشلىقى سالامات ئالامانوۋ بۇ شەرتنامىلار 1860 - ژىللىرى روسسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ ختاي بىلەن تۈزگەن شەرتناملىرى ئاساسىدا تۈزۈلگەنلىكىنى تەكىتلىدى. ئۇ ختاي بىلەن س س س ر ئوتتۇرىسىدا بۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنمىغانلىقىنى، ختاينىڭ ھەر دايىم بۇ يەرلەرگە داۋا قىلىپ كەلگەنلىكىنى، ئەندى س س س ر بولسا بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلمىغانلىقىنى، ئەندى بولسا س س س ر ھەل قىلالمىغاننى بىز ھەل قىلىۋاتىمىز، دەپ بىلدۈردى.

تېڭگىز گۇداۋا: لېكىن مەسىلە، ئېيتماقچى، بىر تەرەپكە ھەل بولۇۋاتقاندەكقۇ؟

نارىن ئايىپ: تالاش يەرلەر بەش ۋە قىرغىزستان بىلەن ختاي چېگرىسىدىكى ھەممە بۇ 5 تالاش يەر قىرغىزستاننىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىدۇ. 13 - ئىيۇن كۈنى پارلامېنت چېگرىنى بەلگۈلەشنى توختىتىپ تۇرۇش قارارىنى قوبۇل قىلدى، ھوكۇمەت بۇنىڭغا كېلىشمەيدۇ، پارلامېنتنىڭ چېگرىنى بەلگۈلەشنى توختىتىپ تۇرۇش توغرىلىق قارارى قانۇنغا خىلاپ دەپ ھېساپلايدۇ.

تېڭگىز گۇداۋا: شاڭخەي شەرتنامىسىنىڭ ئىچىدىكى چېگرىلارنىڭ بىرىدە مانا شۇنداق سەركۈزەشتىلىك دېگىدەك ۋاقىە بولۇۋاتىدۇ... لېكىن ش ھ ت ناھايىتى كۈچلۈك ھالدا شەرىققە نەزەر تاشلىغان، ئەلۋەتتە، غەرپكە قارىتىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىنسان ئەركىنلىكلىرى ۋە ھوقۇقلىرىنىڭ غەرپچە چۈشەنچىسىگە قارىتىلغانلىقى ئېنىق بولسا كېرەك؟ ۋىتالىي پونوماريوۋ، بۇنىڭغا نېمە دەيسىز؟

ۋىتالىي پونوماريوۋ: مېنىڭچە بولغاندا، شاڭخەي تەشكىلاتىنىڭ بەزى ئىشتىراكچىلىرى ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولغان بىر قاتار جىددىي ئىچكى زىددىيەتلەر تۈپەيلى بۇ تامامەن مۇمكىن ئەمەس نەرسە. ئومۇمەن، مېنىڭ پىكرىمچە، مەزكۇر شاڭخەي تەشكىلاتىنىڭ ئاساسىغا رېگىئونغا ئاساسىي خوۋۈپنى نېمە ئېلىپ كېلىدىغانلىقى توغرىلىق قىسمەن نامۇۋاپىق كوز قاراش سېلىنغاندەك قىلىدۇ. ئەگەر بىز ئاۋغانىستاندىكى بىر نەچچە يۈز ئىسيانچى ختاي ئۈچۈنمۇ، ئۆزبەكستان ئۈچۈنمۇ، پۇتكۇل رېگىئون ئۈچۈنمۇ ھەقىقەتەن خوۋۈپ تۇغدۇرىدۇ دېگەنگە ئاساسلانساق، ئۇ چاغدا ھەقىقەتەنمۇ خەلق ئارا تەشكىلاتنى قۇرۇش، قانداقتۇ خەلق ئارادا ۋەتەم قالدۇرۇش تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش ۋە ھاكازىلار لازىم بولىدۇ... ئەندى ئىككىنچى ياندىن، ئۇ ئاساسىي مۇئاممالار، ھەممىدىن ئاۋۋال، ئىچكى سىياسەت - ختاينىڭ ش ئۇ ئار دىكى ئىچكى سىياسىتىدىن كەرىموۋنىڭ ئۆزبەكستاندىكى ئىچكى سىياسىتىدىن كېلىپ چىققان، ئەندى ئەگەر بۇ شۇنداق بولىدىغان بولسا، ئەينە شۇ تاشقى ئامىل - ئۇ ئەڭ ئاساسىي ئامىل بولۇپ ھېساپلانمايدۇ، ئەندى ئاساسىي ۋاقىەلەر بولسا ئەينە شۇ ئىچكى كۈرەش، سىياسىي كۈرەش مەنتىقىسى بىلەن بەلگۈلىنىدۇ.

(«رېسپۇبلىكا - 2000 » گېزىتىدىن).

ئۇرپى ـ ئادەتلىرىمىزنىڭ نەمۇنىلىرى

ئۇيغۇر مەشرەپلىرى

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمىي زاماندىن تارتىپ داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان مىللىي ئويۇنلارنىڭ بىرى ـ مەشرەپ ئويۇنى بار. مەزكۇر ئويۇن ئوز ماھىيىتى بىلەن ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتى، سەنئىتى ۋە ئېتنوگرافىيە خۇسۇسىيىتىنىڭ ئالاھىدە بىر شەكلىدۇر. شۇنى ھەم ئېيتىپ ئوتۇش كېرەككى، مەشرەپ ئولتىرىشى دېگىنىمىز، ئادەتتىكى توي ـ توكۇن ئولتىرىشلىرىدىن باشقىچە بولۇپ، مەشرەپ ئولتىرىشى ياكى مەشرەپ ئويۇنىنىڭ ئوزىگە خاس قانۇن ـ قائىدىلىرى، تەرتىپ ـ ئىنتىزام ۋە باشقىمۇ ئالاھىدىلىكلىرى مەۋجۇت.

مەشرەپ ئەزالىرى بۇ قائىدىلەرگە قاتتىق رىئايە قىلىدۇ. مەشرەپ بېگىنى ھەر ژىلى بىر قېتىم سايلايدۇ. شۇنىڭدەك، مەشرەپنىڭ باشقا ئەمەلدارلىرىنىمۇ مەشرەپ ئەزالىرىنىڭ سايلىمىدىن ئوتكۈزىدۇ. سوت ـ سوراق ئىشلىرىنى ئېلىپ بارىدىغان قازىبەگ، تەرتىپ ـ ئىنتىزام ۋە شۇ خىل باشقا ئىشلارغا مەسئۇل بولىدىغان پاشاپبەگ، دەستىخان، يېمەك ـ ئىچمەك ئىشلىرىنى قائىدىگە مۇۋاپىق ئېلىپ بارىدىغان كولبېگى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش لاۋازىمدىكى ئەمەلدارلار ئوتتۇز ئوغۇل سايلىمى ئارقىلىق تايىنلىنىدۇ. ئەزالارنىڭ تەرتىپ ـ ئىنتىزامىنى مەشرەپ بېگى باشقۇرىدۇ. مەشرەپ قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا چارە كورىدۇ.

مەشرەپ دېگەن ئەرەپچە سوز بولۇپ، ئۇلۇق ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقەرىي ئوزىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئەسەرىدە مەشرەپنى «كىچىلىك ئولتىرىش ئويۇنى» دېگەن مەنادا چۈشەندۈرۈپ، «سوغىدىچ»، «سۆر چۆك» ئوخشاش تۈركىي تىللار مەزمۇنىدا بايان قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى «سورۇن»، «مۇراسىم»، دېگەنگە ئوخشاش سوزلەر مەنالىرىدىمۇ بايان قىلىدۇ.

مەشرەپ ئويۇنىنى ئوز ۋاقتىدا «ئوتتۇز ئوغۇل» دەپ ئاتالمىش ئىنچام كوللېكتىۋ ـ ژىگىتلەر كوللېكتىۋىنىڭ باشلىغانلىغى ۋە شۇلار ئويناپ كەلگەنلىگى مەلۇم. «ئوتتۇز ئوغۇل» دېگەن نام ئۇزۇن تارىخىي ئوتمۇشكە بېرىپ تاقىلىدۇ. ئاتاقلىق ئۇيغۇرشۇناس ئالىم س. م. مالوۋ ئوز ۋاقتىدا تالاس دەرياسى بويىدا تېپىلغان يادىكارلىق تاشتا يېزىلغان خەتنى تەرجىمە قىلىپ، توۋەندىكى سوزلەرنى بايان قىلىدۇ. يادىكارلىق تاشتىكى خەت «ئوتتۇز ئوغۇل ساغدىچلارى» دېگەن سوزدىن ئىبارەت بولغانلىغىنى ئېيتىدۇ. دېمەك، «ئوتتۇز ئوغۇل» دېگەن سوز يەنى شۇ ناملىق كوللېكتىۋ ئەينە شۇ زامانلاردىن تارتىپ مەۋجۇت بولغان دېگەن سوز.

«ئوتتۇز ئوغۇل» ئوينايدىغان مەشرەپنىڭ كېيىنكى ۋاقىتتا كوپ شەكىللىرى پەيدا بولغان. مەسىلەن، «توي مەشرىپى» بۇ مەشرەپ توي مۇناسىۋىتى بىلەن بولىدىغان مەشرەپتۇر. مەشرەپ ئەزاسى بولمىش ئادەم توي قىلماقچى بولسا، تويدىن ئاۋال مەشرەپ كوللېكتىۋىغا بىر كىچە مەشرەپ بېرىدۇ. «ھېيت ـ بايرام مەشرىپى» ـ بۇ خىل مەشرەپتە «ئوتتۇز ئوغۇل» جامائىتى كوللېكتىۋ بولۇپ، دائىرىدە ئىش ژۈرگۈزىدۇ. بۇ مەشرەپكە يۇرت قاتنىشىدۇ. شۇنداقلا سەنئەت ئومەكلىرى، خەلق ئىچىدىن چىققان تالانتلىق قىزىقچىلار، تۈرلۈك خەلق ئويۇنلىرى تاماشە قىلىنىدۇ. يۇرتتا ئات تارتىلىدۇ ۋە تۈرلۈك سوغىلار مۇسابىقە ئاساسىدا غەلىبە قىلغانلارغا بېرىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا «باراۋەت مەشرىۋى»، «سەيلە مەشرىۋى»، «ناما قۇللۇق مەشرىۋى» (بۇ مەشرەپ ئاساسەن نوۋەتتىن تاشقىرى بولىدىغان مەشرەپ بولۇپ، ئوتكۈزگەن خاتالىقى ئۈچۈن ئوتتۇز ئوغۇل ئالدىدا كەچۈرۈم سوراش مەشرىۋى بولىدۇ). «ئوتتۇز ئوغۇل» مەشرەپلىرىنىڭ ئارىسىدا «ئاداۋەتنى ژۇيۇش مەشرىۋى» خاراكتېرلىق مەشرەپتۇر. ئومۇلۇكنى، ئىتتىپاقلىقنى، دوستلۇقنى مەدھىيە قىلغان بۇ مەشرەپ ئەھمىيىتى جەھەتتىن ناھايىتى مۇھىم مەشرەپ بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

ئىلى مەشرىۋى ـ ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ دەسلەپكى مەشرەپلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ مەشرەپ تەشكىل تاپقان زاماندا «ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىۋى» نامىدا ئاساسەن ئەرلەر بىلەن چەكلەنگەن مەشرەپ بولغان ئىدى. كېيىنكى زامانلاردا مەھەللە جامائىتىنىڭ ھەر خىل قاتلاملىرى شۇنىڭدەك. ئېكىلىك مەيدانلىرىدا ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئارىلىشىپ ئىشلىشى، قىز ـ ژىگىتلەرنىڭ مەكتەپلەردە بىللە ئوقۇشى، ژىغىنلارمۇ ئەر ـ ئاياللارنىڭ تەڭ قاتنىشىشى بىلەن ئوتىدىغان ئوخشاش ئەنئەنە تەرەققىي تاپتى. نەتىجىدە ئەر ـ ئاياللارنىڭ، ژىگىت ـ قىزلارنىڭ ئارىلىشىپ، بىللە مەشرەپ ئوينىشى دەۋرى ئوز ئىپادىسىنى تاپتى.

يېشىغا يەتكەن ھورمەتلىك ئادەملەر ئوينايدىغان مەشرەپلەردە يۇرت ئىچىدە ۋە دۆلەتدە بولۇۋاتقان ۋاقىئەلەر، كوللېكتىپلار، تورغىنلىق ئاڭلىغان، بىلگەنلىرىنى ئېيتىش، كىتابخانلىق قىلىش ئوخشاش مەسىلىلەر بولىدۇ. چوڭلار ئوينايدىغان مەشرەپلەردە كوپىرەك ئەرلەرگە خاس ئويۇنلار، ئۇلارنىڭ سالماقلىق ئۇسۇللار ئوينىلىدۇ. بولۇپمۇ، چوڭلار ئۇسۇلغا چۈشكەندە، ئىككى ئادەم ئوتتۇرىغا ئوتۇرۇپ «سەدرى سماغ» قىلىپ، ئويۇنغا چۈشىدۇ. شۇنىڭدەك «چوكانلار مەشرۇۋى» دەپ ئاتالمىش مەشرەپ ئەينە شۇ خاراكتېرلىق مەشرەپلەردىن. مەشرەپلەردە ھەر خىل ئويۇنلار بولىدۇ، ئەرلەر مەشرەپلىرىدە دورامچىلىق، كۇلدۇرگۇچىلىك ۋە تۈرلۈك ئۇسۇللارنى ئوينايدۇ. مەسىلەن، «گۇل ئۇسۇلى»، «ئەۋرىشىم ئۇسۇلى»، «ساما ئۇسۇلى»، «پوتا ئۇسۇلى»، «ئات ئۇسۇلى» ۋە باشقىلار. ئاتاپ ئېيتقاندا، «پوتا ئۇسۇلىنى» ئالايلۇق. بىر مەشرەپخان پوتىنى چىرايلىق ئېشىپ ئەكىلىپ، كوڭلى تارتقان بىرسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، تازىم قىلىپ، پوتىنى تەڭلەيدۇ ۋە ئۇ ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن، پوتىنى بېلىگە باغلايدۇ. پوتا ئالغۇچى ئادەم جاۋاب تازىم بىلەن ئۇسۇلغا چۈشىدۇ. ئۇسۇلدىن كېيىن ئۇ باشقا بىرسىگە پوتىنى سۇنىدۇ. ئويۇن ئەينە شۇ ئاساستا داۋام قىلىدۇ. گۇل ئۇزۇش، چاي تۇتۇش ئويۇنلىرى بىرسى ئېيىت ئېيتىپ، كوڭلى خالىغان بىر كىشىگە چاي تۇتۇپ، جاۋاپ كۈتىدۇ. تۇرپان، قومۇل، توقسۇن، يېچان ئوخشاش ۋىلايەتلەردە ئوينىلىدىغان مەشرەپلەرنىڭ ئوز ئالاھىدىلىكلىرى بار. مەسىلەن، قومۇل مەشرەپلىرىدە «چىنەگول» ئاساس قىلىنغان ھالدا، قومۇل خەلق ناخشىلىرى، مۇقاملار ئېيتىلىدۇ. دولان مەشرەپ ئويۇنلىرىدا ئاساسەن پۈتۈن ئويۇن داۋام قىلىدۇ. دولان ناخشىلىرى، دولان ئۇسۇللىرى ئىجرا قىلىنىدۇ. تۇرپان، قومۇل ۋە شۇ خىل يېقىن ۋىلايەتلەردە «دادۇر» دەپ ئاتالمىش ئويۇن تۇرى ئويۇنلار بولىدۇ. بۇ مەشرەپ «ئوتتۇز ئوغۇل» مەشرىۋىگە ئوخشاش ژىگىتلەردىن تەشكىل تاپقان كوللېكتىۋنىڭ مەشرىۋى ئەمەس، توت ياكى بەش كىشىدىن تەركىپ تاپقان ئولتۇرۇش. بىر قانچە دادۇرى (پوچاقنى) قۇروپ نەكلىسپ، مېھمانلارنىڭ ئالدىدىكى دەستىخانغا قويىدۇ. مەشرەپخانلار ياغ بىلەن قورۇغان پوچاقنى يەپ ئولتىرىدۇ ۋە شۇ جەرياندا ھېكايە، چوچەك، رىۋايەت ۋە داستانلارنى ھېكايە قىلىشىدۇ. بۇ ئولتىرىشتا ناخشا، ساز ئويۇنلىرى بولمىسىمۇ، لەتىپە، لاپ، ھېكايىلار بولىدۇ.

قەشقەر ۋە شۇ تەۋەلەردە ئوينايدىغان مەشرەپلەر بىرىنچىدىن، ئۇلار بۇرۇن ـ بۇرۇندىن تارتىپلا ئەر ـ ئايال ئارىلىشىپ ئويناتتى، ئىككىنچىدىن، ئويۇننى ئورە تۇرۇپ داۋام قىلىدۇ. ئايەم، ھېيت، بايرەم ۋە توي كۈنلىرى مەشرەپ ئويۇنلىرى تېخىمۇ قىزىيدۇ. ئۈچىنچىدىن، قەشقەر مەشرەپلىرى كۈندۈزلىرى بولىدۇ. قەشقەر تەرەپلەردە ئەر ـ ئايال قوشۇلۇپ ئوينايدىغانلىغى ئۈچۈن، مەشرەپنى «ئوتتۇز ئوغۇل، توققۇز قىز» مەشرىۋى دەپ ئاتايدۇ.

ئىلىدا «ئوتتۇز ئوغۇل» مەشرىۋىنىڭ مەۋسۇملۇق شەكىللىرى بار. بۇ خىل مەشرەپلەر ئاساسەن باھار، ياز، كۈز ئايلىرىدا بولىدۇ. مەسىلەن، «قىزىل گۇل سەيلە مەشرىۋى»، «ئۆرۈك سەيلە مەشرىۋى» ياكى «سېرىق چېچەك سەيلە مەشرىۋى» ۋە باشقا سەيلىلەر ۋەتەننىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە كەڭ ئېتەك ئالغان بولۇپ، خەلقنىڭ سەيلە قىلىش، ھادۇق چىقىرىش، كوكۆل ئېچىش مەراسىملىرى سۈپىتىدە ئوينىلىدۇ. بۇ خىل مەشرەپلەر تەڭ ـ تۇش ژىگىت ـ قىزلار، ئەر ـ ئاياللار ۋە دوستلار ئارا ئوتكۈزۈلىدۇ.

ھەممىگە مەلۇم، ھازىرقى ئىختىسادىي قىيىنچىلىق دەۋرىدە ئىجتىمائىي تەگسىزلىك مەسىلىلىرىگە بولا تەكتلەپ كېتىدىغان بىر نەرسە تارقاق مەشرەپ ئەزالىرىدىن تەركىپ تاپقان ئايرىم مەشرەپلەرنىڭ ھازىرچە داۋام قىلىۋاتقانلىغى مەلۇم. بۇ خىل مەشرەپلەر بىر پۈتۈن مەھەللە ئوتتۇز ئوغۇل كوللېكتىۋىنىڭ ئوينايدىغان مەشرىپى ئەمەس، ئەكسىچە باشقا ـ باشقا مەھەللىلەردە تۇرۇشلۇق ئاغىنە ـ ئوركىلەرنىڭ باش قوشۇپ، بىللە ئوينايدىغان مەشرىۋىدۇر. بۇ خىل مەشرەپلەردىن ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقانلىرىمۇ بار. مۇنداق مەشرەپلەر ئىچىدە ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن كۆرەش قىلغان ۋە مەدەنىيەت، سەنئەت ئۈچۈن خىزمەت قىلغانلار بار. مەسىلەن، مەرھۇم مېجىت ئابدۇللا باشچىلىغىدا ئوينالغان مەشرەپ ئەينە شۇنداق مەشرەپلەرنىڭ بىرى ئىدى.

مەزكۇر مەشرەپتە مەشھۇر يازغۇچى ۋە ئاتاقلىق سەنئەت ۋە جەمىيەت ئەربابى زىيا سەمەدىي، ئاتاقلىق مۇقامچىلار نۇرمەھەممەت ئاسىروۋ، غوپۇر قادىر ھاجىيېۋلار بولغان ئىدى. شۇنىڭدەك، ئابلىزخان ئوخشاش ھەزىلچىلەر، چاقچاقچىلار قاتنىشىپ كەلگەن ئىدى. سوز بولۇۋاتقان مەشرەپ سورۇنلىرى ئۇيغۇر ناھىيەسى، چېلەك ۋە ياركەنت شەھىرىدىمۇ داۋام قىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

مەلۇمكى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە «ئەدەپ ـ ئەخلاق» دېگەن مەسىلە بار. بۇ چۈشەنچە ئىنسانىنىڭ خۇلقى ـ مىجەزى، ئادەمگەرچىلىكى دېگەن مەسىلىدۇر. مانا مۇشۇ مۇھىم مەسىلە ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ كۆزى تەرتىۋىدىكى مەركىزى مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ئىچىدە سەلبىي خۇلۇقلۇق ئادەملەرنى «مەشرەپ كورمىگەن» ئادەم ئېكەن دەپ قوياتتى. تەربىيە مەسىلىسىگە كەلگەندە، كىشىلەر «بالاڭنى مەكتەپكە بەر، بولمىسا مەشرەپكە» دەپ ناھايىتى قىسقا ۋە ئوتكۈر مەزمۇنلۇق ئىبارىنى ئىشلىتەتتى. «يەڭ تىز»، «تەرتىپ» دەپ مەشرەپتە قويۇلغان ئىبارىلەر، مەشرەپ مەدەنىيىتىگە، مەشرەپ تەرتىۋىگە تېگىش خاس سوزلەردىن ئىبارەت ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەشرەپنىڭ تەربىيەۋىي ـ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى زور ئىدى.

ژىگىت بېشى

ئوتكەن ژىللاردا ژىگىت بېشى دەپ ئاتالمىش لاۋازىمدىكى ئادەم بىرىنچىدىن شۇ مەھەللە «ئوتتۇز ئوغۇل» كوللېكتىۋىنىڭ مەھەللە بويىچە قاتار ئوينايدىغان مەشرەپ ئويۇنىنىڭ بېگى بولسا، (مەشرەپ بېگى) شۇنىڭ بىلەن ئۇ، شۇ يۇرتنىڭ ژىگىت بېشى بولۇپ سانىلاتتى. تەكىتلەپ كېتىدىغان مۇھىم بىر مەسىلە ئوتكەن ۋاقىتلاردا بىر مەھەللە بويىچە قاتار مەشرەپ ئوينايدىغان «ئوتتۇز ئوغۇل» جامائىتىنىڭ بېگىنى يەنى مەشرەپ بېگىنى ژىگىت بېشى دەپ ئاتالغان.

ئەسلىدە، مەشرەپ بېگى دەپ، «ئوتتۇز ئوغۇل» كوللېكتىۋىگە ۋە ئۇلار ئوينايدىغان مەشرەپ ئويۇنىغا رەھبەرلىك قىلىدىغان مەنسەپتىكى ئادەمنى ئېيتاتتى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ژىگىت بېشى دېگەننىڭ مەناسى ۋە ئۇنىڭ خىزمەت دائىرىسىنىڭ مەزمۇنىمۇ كەڭەيدى، جاۋاپكەرلىكىمۇ كۈچەيدى. مەشرەپ ۋە شۇ ئوتتۇز ئوغۇل جامائىتىنىڭ مۇھىملىرىلا ئەمەس، بىر پۈتۈن مەھەللە، جامائىتىنىڭ مۇھىملىرىنىڭ ھەممىسى ژىگىت بېشىنىڭ ئورۇنلايدىغان ژىگىت بېشى تەشكىللەشتۇرۇپ، ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئىشى بولۇپ قالدى.

مەلۇمكى، بۇرۇنلاردا «مەشرەپ بېگى»، «ژىگىت بېشى» دېگەن ئاتىلىشى جەھەتتىن باشقا ـ باشقا ناملار شەكلىدە بولسىمۇ، ئىش مەزمۇنى جەھەتتىن بىر مەنسەپتە پائالىيەت كورسىتىدىغان ئادەمگە ئېيتىلىدىغان بولدى. مانا شۇ مەزمۇندىكى پائالىيەت بىلەن خىزمەت كورسەتكەن ئىنسانلار ئاز بولمىدى. مەسىلەن، ئەينە شۇنداق مەزمۇندا پائالىيەت كورسەتكەن ۋە يۇرتنىڭ خىزمىتىنى قىلىشتا باشقىلارغا ئۈلگە بولغان ئادەملەرنىڭ بىرى ئوز ۋاقتىدا درۇژبا مەھەللىسىنىڭ ژىگىت بېشى بولغان مەرھۇم مەھەممەتجان موزدۇز ئىدى. مەھەممەتجان موزدۇز كوپنى كورگەن ۋە ئابرويلۇق ئادەملەر ئوينىغان مەشرەپلەرنىڭ قاتناشچىسى بولغان ئىدى.

رىشات سابىتوۋ،
فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ نامزىتى.
ئالمۇتا شەھىرى.
(داۋامى بار).



خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنى يارىتقۇچى ھەم ئۇنى بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭ تارىخى بىلەن تۇرلىرىنى تولۇق بىلگۈچى ئادەملەر ئالدى بىلەن خەلق ئىچىدىن چىققان تالانت ئىگىلىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بىز تونۇشتۇرۇۋاتقان، ئۇيغۇر خەلق چاقچىقىنىڭ ساھىبى ھەم تەتقىقاتچىسى نۇرالىم روزىيېۋ مانا شۇنداق سىمالارنىڭ بىرىدۇر، ئۇ، چاقچاق، لاپ قىزىغان سورۇنلاردا پىشىپ - يېتىلىپ چىققان قابىلىيەت ئىگىسىدۇر.

ئۇنىڭ 1999 - يىلى نەشىر قىلىنغان «مۇھەببەت ئەھلى» ناملىق كىتاۋى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ تېخى تولۇق تەتقىق قىلىنمىغان چاقچاق، لاپ ھەم يۇمور ژانىرىنى ۋايىغا يەتكۈزدى. مەزكۇر كىتاپ زامانىۋى چاقچاقچىلىرىمىزنىڭ ھايات يولى بىلەن ئۇلار ياراتقان چاقچاق ۋە يۇمورلارلىرىنىڭ تاللانغان نەمۇنىلىرى بولۇپلا قالماي، شۇنداقلا ئۇيغۇر چاقچاق ژانىرىنىڭ ئىلمىي ئاساستا يەتكۈزۈلەپ بەرگەچى بىر غەزىنە دېيىشكە بولىدۇ.

ئېغىز ئەدەبىياتىغا قوشۇلغان توھپە

(نۇرالىم روزىيېۋ - 80 ياشتا)

ئەلۋەتتە، ن. روزىيېۋ كىتابىدىكى فولكلور بايلىقىنى [illegible] خاتىرىلەپ [illegible] ئەمەس، بەلكى، بۇ ماتېرىياللارنىڭ بارلىقىنى يېرىم ئەسىر [illegible] ئېسىدا ساقلاپ كەلگەن بولۇپ، تېخى يېقىنقى ۋاقىتلاردا بىر - بىرلەپ [illegible] [illegible] نۇرالىم روزىيېۋ [illegible] [illegible] فولكلور، تارىخ ۋە [illegible] ئىجات [illegible] [illegible] چاقچاقچى [illegible] [illegible] غان بىلمىدىن چىقاردى، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

ئادەملەر ئەلنەغمىچىلەرنى ئولتىرىشلارغا ئالاھىدە تەكلىپ قىلغاندەك، چاقچاقچىلارنىمۇ مەخسۇس تەكلىپ قىلىشىدۇ. ن. روزىيېۋمۇ ئولتىرىشلارنى قىزىتىپ بەرگۈچى چاقچاقچى رېتىدە چاقىرتىلىپ كەلدى. بىر قېتىم نۇرالىم («قارغۇ») ئولتىرىشقا كەچ قاپتۇ. غوپۇر («دىڭخولۇ»): «قاراڭغۇدا تېپىپ كەپسىلە، دېگەن بىلەن» دېگەندە، نۇرالىم: «كوچىدا دىڭخۇلۇلارنى ياندۇرۇۋېتىپتۇ» دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

ن. روزىيېۋ مانا شۇنداق چاقچاق ماھىرلىرى غوپۇر، سەنجەر، ئابلىزخان، سابىر، تۇرسۇن، ئابدۇلھەي، ئىمىنبايلار بىلەن ھېمىشەم سورۇنلاردا چاقچاقلىشىپ كەلگەن، ھەتتا بىر - بىرىنى ئىزدىشىپ ژۈرگەن. ئۇ، زىيا سەمەدىي، مۇنار، ئە. تاسىروۋ قاتارلىق ئادەملەر سوھبىتىگىمۇ ئورتاقلىشىپ، ئۇمرىنى كوڭۇللۇك ئوتكۈزگەن. باي تۇرمۇش تەجرىبىسىنى غوجۇنغا قاچىلىغان ئادەم. شۇڭا ساتىرا ژانىرىنىڭ تەتقىقاتچىسى رىشات سابىتوۋ: «كوپنى - كورگەندىن سورا» ناملىق ماقالىسىنى («ئۇيغۇر ئاۋازى» 1991 - ژ. 27 - دېكابىر سانى) نۇرالىم روزىيېۋقا بېغىشلاپ يازغان ھەم ئۇنىڭ فولكلور غەزىنىسىگە قوشقان ئۈلۈشىنى ئۈستۈن باھالىغان.

نۇرالىم روزىيېۋ خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى بىلەن بىرگە شېئىر مىسرالىرىنى ئىجات قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ قەلىمىدىن يېزىلغان شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇن تەرىپتىن ئالاھىدە چوڭقۇرلىغى، ۋەتەنپەرۋەرلىكىنىڭ سەمىمىلىكى بىلەن كىشى قەلبىنى تەۋرىتىدۇ.

غېنى باتۇر ئوتلۇق جەڭدە غالىپتۇر ھامان،
قەھرىمانىنىڭ جاسارىتى تىللاردا داستان.
رۇستەم كەبى كارامەتلەر كورستىپ ئوغلان،
پۇتكۇل تۈركىي خەلقلەرگە بولدى نامايەن. -

غېنىي باتۇر ھەققىدىكى بۇ لىرو - ئېپىك شېئىرى («يېڭى ھايات» 1993 - ژ.) باتۇرنىڭ قىياپىتىنى كەۋدىلەندۇرگەن.

بۇ تەۋرۇك ئادەمنى 80 ژىللىق تويى بىلەن سەمىمىي تەبرىكلەيمىز.

باتۇر ئەرشىدىنوۋ،
ئەدەبىياتشۇناس.

نۇرالىم روزىيېۋ 1956 - ژىلىدىن بۇيان ئالمۇتا شەھىرىدە ياشاپ، جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانسا كەلسە، [illegible] [illegible] بىلەن چىقىرىپ قالىدى، [illegible] [illegible] «مۇھەببەت ئەھلى» كىتابىغا جەملىدى. ئۇ ئۆز كىتابىنىڭ نامىنى «مۇھەببەت ئەھلى» دەپ ئاتىغاندا، «مۇھەببەت» سۆزىنىڭ ياخشى مەنىلىرىنى كۆزدە تۇتقان بولۇپ، [illegible] [illegible] نۇرالىم روزىيېۋ چاقچاقلىرىنى توپلاپ، [illegible] «مۇھەببەت سورۇنى» دەپ، چاقچاقچىلارنى «مۇھەببەت ئەھلى» دەپ ئاتىغان [illegible] ھايات تەجرىبىسىدىن ئوتكەن [illegible]

رۇبائىيلار

كارۋان سارايغا ئوخشايدۇ كونا دۇنيا،
ئوتتى قونۇپ زالىملار، ئولىما، پۇخرا.
ئىغلاپ كەلدۇق ھاياتقا، كولۇپ قايتايلۇق،
توھپە توپلاش يالدا ما ئانا تۇپراققا.

* * *

ئومرىڭنى مەنالىق، مەزمۇنلۇق ئوتكۇز،
ياشلىقنى ئىندىرەكلىك، جوشقۇنلۇق ئوتكۇز.
ياشانغان دەۋرىڭ ئالتۇن كۇز دوستۇم،
قوش تاشلىق توكمەندەك سالماقلىق ئوتكۇز.

* * *

ئوچەرمەي ئاتاڭنىڭ چىرىغىنى ياققىن،
ھەر نەقىل ئاناڭنىڭ كوڭلىنى تاپقىن.
رازى قىل، دۇئاسىن ئال جۇپ قەلبىڭ،
بەختىڭنى نەسلىڭنىڭ ئىزىدىن تاپقىن.

* * *

ئادەم نامىڭغا خاس بولغىن پاك ئادەم،
زاھىت زامانغا باق، تاشلىغىن قەدەم.
ئىلىم ئىزدە، پۇل - مال تاپقىن بۇرادەر،
يورۇق دۇنيادا تاتمىغىن ئەلەم.

* * *

زېھىندار ئىراقنى كورگۇنىڭ ياخشى،
ئالدىرىماي قەدەم تاشلاپ ژۇرگىن تەكشى.
تېيىلغان، پۇتلاشقانلارنى كورسەڭ،
ئوي - چوڭقۇر كوپ، ھوشيار بول ھەي كىشى.

* * *

قېرى دۇنيا خۇددى چوگلەتمە سەھنە،
گويا ئارتىست سەن ئوشۇ دۇگلەك سەھنىدە.
سەلبىي ياكى ئىجابىي قەھرىمان،
ئېنىق ئوبرازىڭ كورىنەر جەمىيەتتە.

* * *

دۇنيا كوپىدە ھەر خىل سەرگۇزەشتىسى،
ھاياتلىق قاينىمىدا بولغىن كوزەتكۇچى.
كەچۇرمىش تەجرىبەڭنىڭ مېغىزىن يازغىن،
نەپ ئالغاي رۇبائىڭدىن ياش ئوگەنگۇچى.

* * *

شەيىنىڭ سەككىز قىرى بار ۋە سىرى،
مەھكۇم مىللەتنىڭ كوپ ناچار سەت قىرلىرى.
ئىككى تاغ بەستىگنى بىسىپ تۇرغاچ،
خائىنلىق، قۇللۇقنىڭ جاراھەت ئىزلىرى.

* * *

دۇشمەندىن دوستلىرىڭ كوپ بولغاي بۇرادەر،
دوستلارنى خۇش قىلىپ بولغىن خەۋەردار.
سوپۇپ ئۇ ئومۇرۋايەت دىلى پاكىنى،
بىشىڭغا دەرت كەلگەندە ئۇلار مەدەتكار.

* * *

كوچىدا ئوستى بىر باراقسان سىدە،
دەم ئالۇر قېرى باغۋەن دەرەخ سايىدا.
ئوغۇل - قىز، نەۋرە - چەۋرە زور جامائە،
سىدەنىڭ خىسلىتى بۇ ئادەم نەسلى.

* * *

ئوغۇل - قىزلىرىڭغا مۇۋاپىق نام تاللا،
ئاتىدىن رازى بولغاي نامىغا بالا.
ئەتراپلىق ئىزدەن مەشھۇر كىتاپ لۇغەتتىن،
خۇددى دېڭىز تېگىدىن ئېسىل جەۋھەر تاللا.

* * *

ئادەم ئومرى چەكلىكەن، تولىمۇ قىسقا،
يەتمەس كەڭ دۇنيانى ئەتراپلىق تونۇشقا.
ئوقى، ئوگەن، ئىزدەن دۇنيانى كوزەتكىن،
تېخى ئىچىلمىغان سىر كوپ بۇ دۇنيادا.

نۇرالىم روزى.

ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى

جىۋىندىن ھەسەل چىقمايدۇ.

* * *

باتۇر دۇشمەنسىز بولماس.

* * *

دېخاننىڭ ئۇيدىنى تىرىيدۇ بۇغداي، پاختا،
خوتۇننىڭ ئۇيدىنى ئويگە ئېتىدۇ سۇپرا بىلەن تاختا.

* * *

قوساقنىڭ مەيلىچە بولسا، ئابرۇيىڭنى قوشۇپ بەر.

* * *

پاسار ئوتنىڭ كۇلى چوڭ،
ساپساپچىنىڭ كېپى چوڭ.

* * *

قايماققا ئامراق، كالىغا ئوچ،
خوتۇنغا ئامراق، بالىغا ئوچ.

* * *

ھورۇنلۇقتىن بالا كېلەر باشقا،
ئىشچانلىقتىن كۇل ئۇنەر تاشقا.

* * *

ھەمراھىڭ ئىشت بولسا، قولۇڭدىن كالتەك چۇشمىسۇن.

* * *

يەر ھوسۇلنىڭ ئانىسى،
ئەمگەك ھوسۇلنىڭ ئاتىسى.

* * *

موللىنىڭ يامىنى ۋاراقچى بولۇر،
بەندىنىڭ يامىنى يالاقچى بولۇر.

* * *

كوپ يامغۇر يەرنى بۇزار،
پىتنە - ئىغۋا ئەلنى بۇزار.

* * *

ئەقىللىق ئۆزىدىن كورەر،
نادان باشقىدىن كورەر.

* * *

خىرىس قىلغاندىن قورقما،
ھېجايغاندىن قورق.

* * *

بېخىل بايدىن سېخى گاداي ياخشى.

* * *

چىشىم سۇنمىسۇن دېسەڭ،
تىلىڭنى تۇز تۇت.

* * *

ھورۇننى ئىشقا بۇيرىساڭ،
ساڭا ئەقىل كورستەر.

* * *

ئاۋىلدا مېنىڭ ئىدى، سورىۋېدىم دورا بولدى.

* * *

ئالدىرىغان قىز ئەر تاللىماس.

* * *

پاراڭدىن قورقمىساڭ توي قىل،
ئولۇشتىن قورقمىساڭ قوي قىل.

* * *

ئۇچۇرغانلا كىشى ئوز بولماس،
يات بىلەن تۇققان تەڭ بولماس.

* * *

كىشىنىڭ پەزىلىتى ئوزىنىڭ تىلى بىلەن بىلىنىدۇ.

* * *

ئوت تۇتۇنسىز بولماس،
ژىگىت گۇناھسىز بولماس.

* * *

ئاچ ئالدىراڭغۇ، توق بېغەم.

* * *

توشۇك سۇدا بىلتەر.

* * *

پىچاق ئوز سېپىنى يونالماس.

* * *

قۇدۇقتىكى سۇغا ئىشتىنىڭ بۇرنى تەگمەس.

* * *

قاچ - قاچ بولسا، ھېچ كىم بىر - بىرىگە باقماس.

* * *

قوش قىلىچ بىر قىنىغا سىغماس.

* * *

سوگەتكە ئەۋرىشىملىك يارىشار،
قىيىنغا قاتتىقلىق يارىشار.

* * *

كۇل تۇتقىچە چوغ تۇت.

* * *

ئوۋچى قانچە ھىيلىگەر بولسا،
ئېيىق شۇنچە يول بىلۇر.

* * *

ياش قوشقاندىن قورقما، باش قوشقاندىن قورق.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەخسە ئۇسسۇلى.

پ. ئەخمەت چۈشەرگەم سۈرەت.

كوزۈم بىلەن كورمەك ئۈچۈن چىققان ئىدىم،
كوردۈمىزۇ - تىترىدى تەن، ئولەي دېدىم.

ئىككى كوزۈم ياشقا تولدى، سۇندى دىلىم،
بىر ھازاچە تۇرۇپ قالدىم چىقماي تىلىم.

ماڭا ھەمرا بولۇپ بارغان كىشى ھەم بار،
ئويدىن ئېتىپ ئېلىپ چىققان ئىشى ھەم بار.

سالام بەردىم چىن ئىھتىرام - ئىخلاس بىلەن،
لېكىن سوزۈم قىسقا بولدى قان ژىغلاش بىلەن.

دېگىنىم شۇ: ئەۋلادىمىز قانداق بوۋا؟
يەنە تولدى كوزۈم ياشقا، دېدىم، توۋا.

ئاز بولسىمۇ سۇندۇم ئاڭا بىر ئاز يېۋەن،
دۇئا بەردى ئۇلۇغلاردەك شۇنداق بەلەن.

- ئۇزاتمىدىم كىچى پۇلنى سول قولۇمدىن،
ئېلىڭ - دېدىم، - جېنىم ئاتا ئوڭ قولۇمدىن.

- تىلىڭ تاتلىق ئادەمغۇ سەن - غولجىلىقتەك.

ئام، دەردىما! نېمە دېگەن خورلۇق زامان،
ئاقتىمۇ يا زامان قەھرى بىزلەر تامان.

«خەيرى!» - دېدىم، ئۇز يولۇمغا راۋان بولدۇم،
ئىچىم دەرتلىك، خۇدا ھەققى يامان بولدۇم.

ھازىرغىچە سىنى ئويلاپ تۇردۇم بوۋا،
ئاچچىق ئەلەم قاينىمىغا چۇمدۇم، بوۋا.

ياخشى كۇنلەر كېلەر دەيمەن ھامان بىر كۇن،
ئۇنتۇلۇپمۇ كېتەر دەيمەن بۇ قارا تۇن.

لېكىن شۇنى ئېيتقۇم كېلۇر چىن دىلىمدىن،
كۇڭلىمىزنى ئۇزمەيلى بىز ئوز زېمىنىمدىن.

* * *

سەندە مىسقال ھوقۇق بولسا، پانام، ئۇيغۇر،
شۇنداقلارغا نەزەر سالغىن، ئاتام، ئۇيغۇر.
قاندىشىڭنى ھەممىدىن بەك قىممەت بىلگىن،
ئاجىز - ئاكا، يوقسۇللارغا ھىممەت قىلغىن.
جان - تىنىڭدىن سەن سويمىسەڭ غېرىپلارنى،
تەلىيى كاج دىلى سۇنۇق مېيىپلارنى.
ھال - مۇڭىغا ئەشۇلارنىڭ كىممۇ يېتەر،
ئەر ئەجرىگە ئەلۇ - يۇرتۇڭ قوللۇق ئېتەر.
ھەق يولىدا ساۋاپلىق ئىش قىل بۇرادەر،
ھەر ئۇيغۇرنى پۇشتى - پاناڭ بىل، بۇرادەر.

2000 - يىل، دېكابىر. قەشقەر - ئالمۇتا

ئەخمەت ھەسەن 1936 - يىلى ئەزىزانە قەشقەردە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ باللىق دەۋرى غۇلجا يېنىدىكى بايانداي يېزىسىدا ئوتكەن. ئۇ 1960 - يىلى ئۇرۇمچىدىكى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ فىلولوگىيە فاكۇلتېتىنى پۇتەركەندىن كېيىن 1962 - يىلغىچە خوتەندە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇئەللىم بولۇپ ئىشلىگەن. بۇ يىللىرى ئۇ ئارنىڭ ھەر خىل گېزىت - ژۇرناللىرىدا شېئىرلىرى نەشر قىلىنغان. ئۇ 1962 - يىلى قازاقستان دىيارىغا كوچۈپ چىقىدۇ. بۇ يەردە ئۇ تومۇر يول سىستېمىسىدا ئۇزۇنلۇك ئىشلەپ كەلمەكتە. ئە. ھەسەننىڭ ھەر خىل ماۋزۇلاردىكى شېئىرلىرى «ئۇيغۇر ئاۋازى»، «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىدە بېرىلگەن. ئەدىپنىڭ 65 ياشقا تولۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن، ئۇنىڭ ئىككى شېئىرىنى دىققىتىڭلارغا ھاۋالە قىلىدۇق.

ئەخمەت ھەسەن

گور ئاغزىدا ياتقان بوۋاي

(ھاياتىي لەۋھە)

قۇللاپ تەگرىم ياخشى كۇنلەر ئىنايەتتە،
بولۇپ ياندىم ئانا يۇرتتا زىيارەتتە.
ئەرمەك ئەمەس ئەل ئارىلاپ ژۇرگەنلىرىم،
قانچە قىسسە، داستان بولۇر كورگەنلىرىم.
تىڭشا، دوستۇم، ئەر قىسمىتىن ئايان ئەيلەي،
بىر مۇساپىر ھالۇ - زارىن بايان ئەيلەي.

*

ئېغىر كۇندە قاپتۇ بۇگۇن بىر ۋەتەنداش،
ئىككى كوزى تەڭ ژۇمۇلغان قىلىپ كوز ياش.

كىچىك قېلىپ ئاتا - ئانا، ئوز تۇققاندىن،
بۇيتۇ ئاغرىق يوقسۇزچىلىق راس بۇققاندىن.

ژۇرەك باغرى قانغا تولغان، ھالى خاراپ،
مەيۇسانە ئولتۇرار جىم كوككە قاراپ.

باغلاقتىكى ئىشتتىن بەتتەر كورگەن كۇنى،
ياتقان يېرى داق ئايدالا كۇنى - تۇنى.

دادۇ - پەريات قىلار بوۋاي جېنى قاخشاپ،
دەيدۇ ئوكسۇپ: ئولسەمچۇ، ئاھ، تىنىق توختاپ.

*

ئانا يۇرتى ئۇلۇق دەرگاھ - قەشقەر ئىكەن،
تۇرغان يېرى دوزاقتىن ھەم بەتتەر ئىكەن.

قەشقەردە بار ئاكالارغا سېلىنغان ئوي،
(كەلگۇندىگە ئىشىك ئوچۇق، ھەر كۇنى توي).

بۇ ئورۇننىڭ باش ھاكىمى يات بەندىكەن،
ئەسلى ئۇنىڭ ماكان - جايى ئوخەندىكەن.

ئېمىشكە ئۇ سىغمىدى شۇ ئويگە - ماكانغا،
ئۇيغۇرلىغى ياقمىدىمۇ؟ - يا «ئاكامغا»؟

ئۇ، ئەسلىدە، قەشقەرگە بىر «مېھمان» ئىكەن،
ئادەم ئەمەس، كوزگە چۇشكەن قانلىق تىكەن.

بىر يىل بۇرۇن بۇ بوۋاينى مەسلىھەت بىلەن،
ئەشۇ ئويگە ئېلىپ بارغان بىر قانچىلەن.

بىر قىسمىلا بولۇپ كەتكەن باشلىق دېگەن،
كورۇنمىگەن ئەلپازىدىن دوستلۇق دېگەن.

جاۋاپ بەرگەن دەرھال تۇرۇپ شۇنداق ئېنىق،
بوش ئورۇننى نەدىن تاپاي، - دېگەن چىمچىق.

ئىشىمىز ھەل بولۇش نەدە، كەپ باشقىچە،
چىقىپ كەتتۇق يەنە چوگراق سوز ئاچقىچە.

مۇناۋىن ئىش ئېلىپ ماگىنچى ئۇيغۇر بولۇپ،
بۇ ھەقتە بىر سوز قىلمىدى دەرھال تۇرۇپ.

ھالى شۇنداق «يەر ئىگىسى - مەن!» - دېگەنىڭ،
سوزى ئوتكۇر سىرتتىن كېلىپ «سەن!» دېگەنىڭ.

ئۇندە قالدى تۇرسۇن بوۋاي ھالىغا ۋاي،
بىر ئېتىۋار قىلسا بولغان پۇلى بار باي.

تۇرسۇن ئاكام ياشار ھازىر توپراقلىقتا،
بوران - چاپقۇن قوزغىغان چاڭ - توپراقلىقتا.

جېنىدىن تامام تويغان ئوزى، روھى بەك سۇس،
كوڭلى ئاغرىق بۇ زاماندىن نېتەر بايقۇش.

*

ئاش - تاماقتىن قىس ئەمەسكەن، خېلى مەغرۇر،
نۇۋەت بىلەن ھەر خىل تائام كېلىپ تۇرار.

كىمنىڭ بۇگۇن كېلەر ۋاختى بىلىپ تۇرار،
سەزگۇر ئوزى ھەممىنى ياد ئېلىپ تۇرار.

كېلىپ تۇرار ژىراق - يېقىن بۇنى بىلىپ،
كىچىكلەر كوپ ھال سورايدۇ ئوچ ۋاخ كېلىپ.

تورت چەگزىنى مىختەك قاداپ تورت بولۇڭغا،
ياتسا ئوبدان بولغىدەك بىر بۇ ئورۇندا.

ياساپ بەرگەن ئوماق باللار بىر چىرايلىق،
چىقمىغاندىن كاتتا ياشتىن بۇ ئوڭايلىق.

ئاستى قېلىن، يۇمشاق سامان، يېپىق دالدا،
كىچىكلەرنىڭ چوڭ ياردىمى بۇ ھەر ھالدا.

*

ھازىرغىچە تۇرسۇن بوۋاي شۇ ئازاپتا،
ھورلۇك دېگەن قانداق نېمە؟ ئۇ قاياقتا؟!

ئەي كاۋ پەلەك، كوزلەر ئوچۇق ئولەمدۇق بىز،
ئالتۇن دىيار تارلىق قىلىپ، توكەمدۇق بىز.

كۇنلەر يۇيۇق، چىقمايدۇ بىر يورۇق ئاپتاپ،
كەتكەچ ئۇلار ئانا يەرنى توكەل قاپلاپ.

دەرتلىك پىغان تولسا پۇتۇن ۋۇجۇدۇڭغا،
نېمە ئۇمۇت قالار دەيسەن غورۇرۇڭدا.

مىڭنىڭ بىرى تۇرسۇن بوۋاي، ئېيتساق تولا،
ئەي، يارانلەر، ئەتكى كۇن قانداق بولا؟!

*

ماڭا سوزلەپ بەرگەن بۇنى يېقىن يولداش،
يېقىندىن مەن تونۇشقان ھەم تۇزۇك مۇڭداش.

راۋان سوزۇڭ، ئاۋازىڭ چىڭ تاش تولۇقتەك.

كوگۇل سوراپ كەپەن بويان رەخمەت ئوكام،
ئاللا سېنى يولىگەي، تاپ ھورمەت ئوكام.

- مەيلى يېنىپ سوراڭ مەندىن نەلىك، بوۋا،
كەتكەن ژىراق، ئەسلى، مەن شۇ يەرلىك بوۋا.

- كوردۇڭ مانا، ئوتەر مېنىڭ كۇنۇم شۇنداق،
يېپىشقان بۇ ئېغىر قىسمەت، تونۇم شۇنداق.

قەھرىتان قىش، كۇنۇ - تۇنى مەن تالادا،
زار قاخشىتىپ ئاتىدۇ تاڭ مىڭ بالادا.

قىينىماي، بۇ جاننى ئالسا، ئىگەم - خۇدا،
قانچىلىك خوش بولار ئىدىم ئىككى دۇنيا!

تەلەپ قىلىپ ئولۇممىنى بىر ئاللادىن،
گور ئاغزىدا ياتقىنىم شۇ كوپ ۋاخلاردىن.

كىرقات بولۇپ پىشتىقىمۇ يەم بولدۇم، ئوكام،
دەردىم تولا، ساقايماستىن سولدۇم ئوكام.

ئاش - نان توشۇپ ھېرىپ قالدى ئانام باللا،
ئۇلارنىمۇ ئازات قىلسا، جېنىم ئاللا.

شۇ ئۇمۇتتە كەلگەن يېرىم موشۇ دىيار،
خۇدادىن چوڭ يوقتۇر بولەك يېقىن - دىدار...

*

گور ئاغزىدىن ئۇچقان نىدا كەتتى ياڭراپ،
تەبەسسۇمۇ غەمكە چومدى بۇنى ئاڭلاپ.



تەبرىكلەيمىز

ئەخمەت ھەسەن

تۇزدىباستاۋ يېزىسى، تالغىر ناھىيەسى

بىز، ھەممىمىز خوشاللىق كەيپىيات ئىلكىدە. چۇنكى، ئويىمىزنىڭ تۇۋرۇگى، شائىر، قەدىردان ئاتىمىز، ھاياتىنىڭ ئاتمىش بەشىنچى داۋانىغا چىقتى. ئۇنىڭ ئومۇر يولى داغدام بولمىدى. ئۇ ھاياتىنىڭ ئىسسىق - سوغىنى باشتىن كەچۇردى. بىراق، ھەر قانداق ئەھۋالدىمۇ ھېچ قاچان روھى چۇشكۇنلۇككە بېرىلمىدى. بىز، پەرزەنتلىرى، كويۇمچان ئاتىمىزدىن ئومۇرنى سويۇش، مىللەتكە كويۇنۇش ئوخشاش ئېسىل خىسلەتلىرىنى ئوگەندۇق.

ئۇنى تۇغۇلغان كۇنى بىلەن چىن قەلبىمىزدىن تەبرىكلەپ، ئۇزاق ئومۇر، تېنىگە زور سالامەتلىك تىلەيمىز. نەۋرە، چەۋرىلەر قىزىغىنى كورۇپ، دايىم ئامان بولغىن، ئاتا، دەيمىز.

تەبرىكلىگۇچىلەر: رەپىقىسى جەننۇتبوۋى، پەرزەنتلىرى: دىلشات - زاكىيەم، رەخمەتجان - دىلمىرەم، پەرھات - گۇلمىرەم، ئەكۋەر - مۇكەرەم، ماخمۇت - گۇلمىرەم، ئومۇتجان - رىسالەت.

ئەسلى يۇرتتىن كوچمە ئاداش!

(ئات ئايلىنىپ ئوقۇرىنى تاپار)
خەلىق ماقالى.

«سەن ئەيىبلىك!» دەپ تارتمىسا بىرى سوتقا،
زورلاپ مېنى ئېيىپ چىقمىسا سورەم - قوشقا.
مەن ئېمىشكە كەپ قوزغىدۇم كوچۇش ھەقتە،
تورۇغلۇق مەن يۇرت ئىچىدە ھەممە سەپتە.
«كوچمە!» دېگەن پىكىر چىققان خېلى خەقتىن،
رەنجىگەنمەن توغرا كورمەي ئوچۇق كەپتىن.
«مىڭ پۇشايمان يەيسەن تېخى» دېگەن بىرى،
«بىل ھەم كوگۇل - ئويۇڭ كەتمەس بىزدىن ئېرى.
يۇرت ئالدىدا قىزارغاندىن خىجالەتتە،
يول قويغاندەك بولۇپ روھى جىنايەتكە.
خوشلۇشۇش چاي بەرگەن كۇنۇم جامائەتكە،
كوز ياش بىلەن كويگەن مەن ئوت - ھارارەتتە.

*

يېڭى يۇرتنى تاپقانمەن ھەم خېلى بۇرۇن،
مۇندىن ئۇزاق كېتەي دېسەم، يولى ئوزۇن.
ۋاقتى يەتتى، كوچۇپ كەتتىم باشقا يۇرتقا،
قىرىق يىلنى چىقاردىم ھەم بىراق يوقتا.
كىمنى دەپ مەن كەلگىنىنى بىلسەم ئولەي،
يېقىنىم دەپ قۇچاق ئېچىپ، كىمنى سويەي.

*

بارغان يۇرتۇم ئىناقلىقتا گاڭ يېزىكەن،
«دوۋژبا» ئۇيغۇرى كوپ - چوڭ مەلىكەن.
يېزا ئەمەس، قەد كوتەرگەن شەھەر ھازىر،
قوشلاپ يەنە ئوز بەختىنى تاپار ئاخىر.
«دوۋژبا - دوستلۇق گۇلى ئېچىلغان يۇرت،
ساخاۋەتلىك، مېھرى نۇرى چېچىلغان يۇرت.
ئەمگەك ئەجرى مېۋىسىدىن بىيىلغان يۇرت،
بەرىكەت بىلەن دەستىخىنى يېيىلغان يۇرت.
يۇز كورۇشمەك ئارزۇسىدا مەنمۇ چاققان،
خاسىيەتلىك جۇمە كۇنى چېيىم تارتقان.
چايدىن كېيىن پىكىر قىلدى ژىگىت بېشى،
كوڭۇل بولدى ئۇنىڭغا تەڭ بارلىق كىشى.
«- بۇ ئىنىمىز كەپتۇ، - دېدى كالىنىندىن،
قويغان چېيى چايلىق بولۇپ ئارىمىزدىن.
يۇرت ھورمىتى قەدىرلىك، دەپ بىلگەن كىشى،
ئاڭلىشىمچە كوڭلى خەندان كولگەن كىشى...»
مېنى شۇنداق تونۇشتۇردى بۇ ۋەتەنداش،
ئوزى خوشخوي، ئىناۋەتلىك قان قېرىنداش.
جۇمە بۇگۇن ئىھتىرام - دىلىم ئوچۇق،
بەك خوشالمەن كەلدى جامائەت ئەھلى تولۇق.
ياخشى تىلەك ئىزھار قىلىپ ئابباس قارىم،
دۇئا بەردى مۇڭلۇق نەپەس بۇلبۇل ھاجىم.
ئاستا - ئاستا قەد روسلىدىم بۇ مەلىدە،
شۇنداق بولۇپ كەتسەم دېگەن مەن ئەسلىدە.
قىيتىكەنمەن خالىس نىيەت - رىۋاج تاپتىم،
ئاقىلانە ئەر بولۇشقا ئىلاج تاپتىم.
ئەسلى تۇرغان يۇرتۇم كەتمەس ئويۇمدىن ھېچ،
تۇتاشقان ئوت مۇھەببىتى قويمىدى تېچ.
«نېمە ياخشى؟» دېسەم بىرى جاھاندا،
بىرىنچىسى دەر ئىدىم مەن بار ئاھاڭدا:
كالىنىن ئۇ قىرىق باھار كورگەن يېزام،
ئەڭ بەختىيار - خوشال ئومۇر سۇرگەن يېزام.
ئوز ئانامدەك مېنى ئاسراپ باققىنى راست،
ئېغىر كۇندە باغرىنى ھەم ياققىنى راست.
ئۇنتۇپ كېتىش قىيىن ئىكەن ئوز يۇرتۇڭنى،
تەرتىپكە سال كەتمەي تۇرۇپ ئوز ئويۇڭنى.
بۇ يېزىنىڭ چوڭ - كىچىكى ماڭا تونۇش،
راسلا قىيىن باشقا يۇرتتا مۇنداق بولۇش.
«بىكار قىلدىڭ يۇرتتىن كېتىپ» - دېگەن دوستۇم،
بىشىم قېتىپ كەتسەم كېرەك، ئەندى ئوختۇم.
رەنجىسەڭمۇ روھسىزلىنىپ ئوچمە ئاداش،
باشقا يۇرتقا كونمەك قىيىن، كوچمە، ئاداش.



يازلىق ئەتىل كۈنلىرى كوڭۈللۈك ئۆتمەكتە.

دانالار سوزى - ئەقىلنىڭ كوزى

ئەي، ئەزىز، بىلگىنكى، لوقمان ھاكىم كام سوزلۇك ۋە سۈكۈت توغرىسىدا توۋەندىكىلەرنى بايان قىلغان ئىدى: «كام سوزلۇك ۋە سۈكۈتتە شۇنداق خىسلەتلەر بار: 1. ئۇ زىبۇ - زىننەتسىز گۈزەللىك؛ 2. سەلتەنەتسىز ھەيۋە - قۇدرەت؛ 3. مېھنەتسىز ئىبادەت؛ 4. سېپىلسىز قورغان؛ 5. ئوزرىدىن قۇتۇلۇش؛ 6. پەرىشتىدەك ئازاتلىق؛ 7. ئەيىپلەردىن خالىيلىق».

ئەبۇلبەرەكات قادىرىي.

* * *

ئاز سوزلەش، ئامما ساز سوزلەش كىشىنىڭ ئەقىللىقلىقىغا دەلىلدۇر. ئەقىلنىڭ ئاز ياكى كوپلىكى بىلەن ئادەملەر بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇر. كىشى ئوزىنى بىلسە، قەدىر - قىممىتىنى تونۇسا، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ ئەقىللىق ئېكەنلىكى مەلۇم بولۇر. ئاخماق كىشى ئوزىنى تۇتۇشنى بىلمەس. ئەقىللىقنىڭ ئەڭ مۇھىم بەلگۈلىرى ئادەمنىڭ باشقىلار بىلەن ئارىلىشىشنى بىلىشىدە، ۋۇرۇش - تۇرۇشىدا، ئوزگىلەرگە ئۈلگە بولالىشىدا، ھەممىگە بىلىمدانلىقىدا نامايەن بولۇر.

ئەي، ئەزىز، سەن قىلماقچى بولغان ئىشىڭنى ئەۋۋەلا ئەقىلگە ھاۋالە قىل. ئەقىلنىڭ ئىجازەت بەرسە، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كىرىش. ئوزىڭنى ئوزىڭ قاتتىق سويگەن، يەنى ئوزىڭگە بېنا قويغان كىشىدە ئەقىل بولماس.

«فەۋاكىھۇل جۇلەسا»دىن.

بىن لادىن ئوز پائالىيىتىنى ئاكتىۋلاشتۇرماقتا



خەلقئارا تېرروررىست ئۇساما بىن لادىن مەركىزىي ئاسىيە رېگىونىدىكى ئوز پائالىيىتىنى ئاكتىۋلاشتۇردى. بۇ تېرروررىست ئوز تەرەپدارلىرىدىن مەزكۇر رېگىوندا تېرروررلۇق پائالىيىتىنى ئاكتىۋلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەرەبلەر، چېچەنلەر، فىلىپپىنلىقلاردىن ئىبارەت 35 مىڭ ئادەمدىن تەركىپ تاپقان ئارمىيەنى تەشكىللىدى ۋە مەبلەغ بىلەن تەمىنلىدى.

خەلقئارا تېرروررىستلارنىڭ ئەڭ چوڭ لاگېرلىرى ئاۋغانستاننىڭ مەركىزىي ئاسىيە دولەتلىرى بىلەن بولغان چېگارا بويىغا ئورۇنلاشقان.

ھەمدۇستلۇق چېگارا خىزمىتىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، بىن لادىن ئوزبەكستان ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ باندىتلىرىنى تەييارلاشقا ۋە قوراللاندۇرۇشقا بىيىل 20 مىللىون دوللار ئاجراتقان.

بەزى بىر مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قىرغىزستان بىلەن ئوزبەكستانغا قارشى قوراللىق تېرروررلۇق ھەرىكەتلىرىگە ئىشتىراك قىلىشقا تەييار تۇرغان پىدائىيلارنىڭ ئومۇمىي سانى 4 مىڭغا يېقىن ئادەمنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلاردىن 300دىن ئوشۇغى - چېچەنلەر.

ئوزبەك تېرروررىستلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان، پۇتكۇل ئوتتۇرا ئاسىيەنى، شۇنداقلا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاۋتونوم رايونىنى ئىسلاملاشتۇرۇشنى مەخسەت قىلغان يېڭى فۇندامېنتالىستىك پارتىيە - «تۈركستان ئىسلام پارتىيەسى» مەركىزىي ئاسىيە رېگىونىدا تۇراقلىققا بېۋاستە خەۋۇپ تۇغدۇرىدۇ.

پارتىيەنىڭ ئاكتىۋىستلىرىغا ئاۋغانستاننىڭ چېگارا يېنىدىكى بالخ ئولكىسىدە ھەرىكەت قىلماقتا.

موشۇ يىلنىڭ بېشىدىن باشلاپ قىرغىزستاندا 40تىن ئوشۇق ئېكستېرىمىست قولغا ئېلىندى ۋە مەملىكەتتىكى ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇشقا چاقىرىدىغان 2 مىڭغا يېقىن تەشۋىقات ۋارىقى مۇسادىرە قىلىندى. پەقەت ئىيۇننىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا 20 ئېكستېرىمىست تۇتۇلدى.

ئوتكەن ئايدا تاجىكستاندا جۇمھۇرىيەت ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى 400گە يېقىن ئېغىر جىنايەت قىلغان، شۇ جۈملىدىن 270 قاتىللىق قىلغان باندىتلار ساڭگىنوۋ ۋە مۇئاككالوۋ رەھبەرلىك قىلىۋاتقان تېرروررلۇق توپىنى يوقىتىش بويىچە ئوپېراتسىيە ئۆتكۈزدى.

يەنە بىر ئازدىن كېيىن تالىپلار مۇتلەق ھەممىنى مەنئىي قىلىدۇ

ئاۋغانستان تالىپلىرى مەملىكەت ئاھالىسىغا، تەشكىلاتلار بىلەن مەھكىمىلەرگە ئىنتېرنېتتىن پايدىلىنىشنى مەنئىي قىلىپ، ئىسلامنىڭ تازىلىقى ئۈچۈن كۆرەشنى داۋاملاشتۇردى. ئاۋغانستاننىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بۇ چارىنى ئىنتېرنېت تورىنىڭ مەزمۇنىنىڭ «ئەدەپسىزلىك» ۋە «ئىسلامغا قارشى» مەزمۇنى بىلەن چۈشەندۈردى. ئۇنىڭ پىكرىچە، ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان مەملىكەتتە ئىنتېرنېتتىن پايدىلىنىشقا يول قويۇشقا بولمايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاۋغانستاننىڭ ئىنتېرنېت - ئاۋدىتورىيەسىنىڭ مەۋجۇتلىقى توغرىلىق ئېنىق شەكىللىك مەلۇماتلار يوق. كوپ يىللىق ئۇرۇش نەتىجىسىدە كوپ قىسمى ۋەيران بولغان مەملىكەتتە، بىرمۇ ئىنتېرنېت - پروۋايدېر يوق، ۋە قورى ئېلىدىكى ئالاقە كاناللىرى مەۋجۇت ئەمەس، ئەندى كوپلىگەن رايونلاردا ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى يوق.

تالىپلارنىڭ مەنئىي قىلىشى ئاز ساندىكى تېلېفون لىنىيەلىرى ئارقىلىق ئىنتېرنېت تورىغا كىرىدىغان چەت ئەل گۇمانىتارلىق مىسسىيەلىرىنىڭ خادىملىرىغا تەئەللۇق بولۇشى كېرەك. لېكىن تالىپلار ئوز بۇيرۇغىنىڭ ئورۇنلىنىشىنى نازارەت قىلىشقا قادىر ئەمەس، چۈنكى بۇ لىنىيەلەر پاكىستان تەرىپىدىن بېرىلگەن.

ئىنتېرنېتنى مەنئىي قىلىش بىلەن بىر قاتاردا ئاۋغانستان ھاكىمىيەت ئورۇنلىرى ئاياللار ئۈچۈن نوۋەتتىكى چەكلىمىنى جارىي قىلدى. بۇ چەكلىمە ئاۋغان ئاياللىرىنىڭ دەم ئېلىشى ۋە كوڭۈل ئېچىشىدىكى پلاندا ھوقۇقلىرىنى كەمسىتىدۇ.

تالىپ فۇندامېنتالىستلىرىنىڭ رەھبەرلىكى ئاۋغان خوتۇن - قىزلىرى شەھەر سىرتىغا تاماشە قىلىشقا بېرىش، شۇنداقلا دەم ئېلىش جايلىرىنى زىيارەت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس، دەپ قارار قىلغان. ئەمەلدارلار بۇنىڭدىن كېيىن مەخسۇس پولىتسىيە ئوترەدلىرى ئوزلىرىنى ئەدەپسىزلىك بىلەن تۇتقان ئاياللارنى تېپىش ئۈچۈن كۇرورتلارنى جىددىي تەكشۈرىدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇرماقتا.

ئاۋغانستان دولىتىدە تامامەن ئەرلەر ئورنىتىدىغان قائىدىلەرگە مۇۋاپىق، ئاياللارنىڭ قىسمىتى - بۇ ئوي، ئائىلە ۋە ئۇنىڭ بىلەن باغلىق بولغان بارلىق نەرسىلەر.

ھازىرقى ھايات كورۇنۇشلىرى

خىتايلار قازاقستاندا

ئۇلار ھەممىلا دېگىدەك ھاياتىي مۇھىم ساھالاردا ئوز ئورۇنلىرىنى ئىگىلىدى

خىتاي قاچان كېلىدۇ؟ ھازىر قازاقستاندا كوپلىگەن ئادەملەر ئەينە شۇنداق سوئال بېرىدۇ. س س س ر دەۋرىدىمۇ خىتاينىڭ بېسىۋېلىشى ئالدىدىكى دەھشەت مەۋجۇت ئىدى، ئەندى ھازىر بولسا ئۇ دەھشەت خېلىلا كۈچلۈك. ئېيتماقچى، خىتايلار ھازىر بۇ يەردە.

ئالمۇتا كوچىلىرىدىكى خىتايلار ئەندى تەبىي ھالەتتەك سېزىلمەكتە. قازاقستاندا خىتاي نېفت شىركىتىنىڭ، خىتاي بانكىلىرىنىڭ ۋاكالەتخانىلىرى، رېستورانلىرى، سودا مەركەزلىرى ۋە ھاكازىلار بار. ئۇلار ھەممىلا دېگىدەك ھاياتىي مۇھىم ساھالاردا، ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، ئوز ئورۇنلىرىنى ئىگىلىدى.

بىزگە ئاساسەن شاڭخەيدىن، ش ئۇ ئا ر دىن خىتايلار كەلمەكتە. ش ئۇ ئا ر دا، خىتايلارنىڭ ئوزلىرىنىڭ تەكىتلىشىچە، گۇاڭدۇڭ، شاڭگاڭ ۋە شىمالىي ئولكىلەردىكىگە قارىغاندا تۇرمۇش دەرىجىسى خېلىلا تۆۋەن. خىتاي رېستورانلىرىنىڭ بىرىنىڭ دىرېكتورى (ئايال) «خىتايدا، ئەگەر رۇس تىلىنى بىلسەڭ، قازاقستانغا بېرىپ رېستوران ئېچىشقا بولىدۇ، - دېگەن سوز بار» - دەپ تەكىتلىدى.

خىتايلار ئەگەر ئوزلىرىگە كېرەك بولسا ۋە ئۇلار ئۇنى خالىسا، ھەر قانداق نەرسىنى چاپسان ئۆگىنىدۇ. كوپلىگەن فىرمىلارنىڭ رەھبەرلىرى ئىش بابىدىكى ئۇچرىشىشلاردا ئوزلىرىنى تۇتۇش مەدەنىيىتىنى ئوزلەشتۈردى. خىتايلارنىڭ كوپچىلىكى رۇسچىنى چۈشىنىدۇ ۋە قىسمەن سوزلىشەلەيدۇ، لېكىن ئۇچرىشىشلاردا چوقۇم تەرجىمان ئىشتىراك قىلىشى كېرەك. جۈملىدىن ئۇلار ئوزلىرىنىڭ رۇس تىلىنى بىلىدىغانلىقىنى قاتتىق يوشۇرىدۇ. سوھبەتدىشىنىڭ ھېچ نەرسىنى چۈشەنمەيدىغانلىقىغا ئىشىنىپ، تاشلىنىدىغان لوقمىلار، كېيىن تەپسىلىي تەھلىل قىلىنىدۇ.

ئۇلار ئەگەر ئوزلىرىگە پايدىلىق بولىدىغان بولسا پۇل خەشلەشنى ياخشى كورىدۇ ۋە ئۇنى ئەقىل بىلەن قىلىدۇ. خىزمەت بابىدىكى شېرىكلەرنىڭ ئاغزىنى مايلاشمۇ، باشلىق ئالدىدا يالاقچىلىق قىلىشمۇ ياكى قىزنىڭ ئېھتىمال بولغان مۇھەببىتىنى قولغا كەلتۈرۈشمۇ، بۇ مۇھىم ئەمەس. ھەممىسىلا ئوزىنى ئاقلايدۇ.

ھاياتنىڭ ئوزى ئۇلارنى ئەينە شۇنداق چەن بىلەن ئىش قىلىشقا ئۆگەتكەن. چۈنكى خىتايدا ئادەم كوپ، ئىش ئورنى ھەممىگە يېتىشمەيدۇ. كىمدۇ بىرى قازاقستاندىمۇ تەكيۈكلۈق يوق، ئوزىنىڭ ئىشسىزلىرى يېتىدۇ، دېيىشى مۇمكىن. خىتايدا ئىشسىزلار خېلىلا ئۇرغۇن ۋە ئۇلار قول قۇشتۇرۇپ ئولتۇرمايدۇ، ئىش تېپىش ئۈچۈن ھەر قانداق ئىمكانىيەتنى ئىزدەيدۇ. ئەندى خىتاي ھوكۇمىتى بولسا بۇنى تەبرىكلەيدۇ ۋە باشقا ئەللەرنى ئىختىسادىي جەھەتتىن ئىشغال قىلىش ئۈچۈن پايدىلىنىدۇ. ئەتىمالىم، ئۇلار پەقەت ئافرىكىغىلا يېتىپ بارالمىغان، ئەندى ئا ق ش، فرانسىيە، ئاۋستىرالىيە ۋە باشقا ئەللەردە پوكەيلەر خىتاي تاۋارلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەن، توغرا، ئۇ يەردىكى تاۋارلارنىڭ سۈپىتى، قازاقستاندىكىدىن ياخشى.

مەلۇمكى، باراخولكىدا خىتاي ئوزى كونتېينېردا تۇرۇپ سودا قىلالمايدۇ، ئەگەر كوزگە چېلىقىپ قالسا، رۇخسەت قەغىزىنى تارتىۋېلىشى مۇمكىن. ئادەتتە يەرلىك سېتىقچىلار كونتېينېردا تۇرىدۇ، لېكىن تەۋەكەلچىلەرمۇ بار، ئوزلىرى سودا قىلىدۇ. تەكشۈرۈش ۋاقتىدا موكۇنۇۋالىدۇ، ئەگەر قولغا چۈشۈپ قالسا، - پارە بېرىپ قۇتۇلىدۇ.

خىتايلار - ناھايىتى ئەمگەكچان كېلىدۇ. بۇنىڭدا ئۇلارغا يېتىدىغىنى يوق. ھەتتا قازاقستانلىقلار ئۇلاردىن ئۈلگە ئېلىشى مۇمكىن. خىتايلار بۇ يەرگە پۇل تېپىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ناھايىتى ياخشى چۈشىنىدۇ ۋە ئەتىمالىم ھەتتا كېچىسىمۇ ئىشلەشكە تەييار. قىزىقارلىقى، ئۇلار قازاقستانلىق ئىستېمالچىغا نېمە كېرەكلىكىنى چاپسانلا بىلىۋالىدۇ. فىرمىنىڭ ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەرزەنراك كىيىم - كېچەك كېرەكمۇ؟ «ئادىداس»، «رىبوك» ۋە باشقا ماركىدىكى ساختا تاۋارلار پەيدا بولىدۇ. كوڭلىدە ئەمەلىيەتتە بۇ ئەرزەن گوشنىڭ شوۋىسى يوق دېگەندەك بىر نەرسە ئىكەنلىكىنى ھىس قىلىسىمۇ، خېرىدار، ئېھتىمال بۇ لىتسېنزىيە بويىچە ئىشلەنگەن بولۇشى مۇمكىن دېگەن ئويى بىلەن خاتىرجەم قىلىدۇ. ئېيتماقچى، بۇ يەردە ئىشلەۋاتقان خىتايلار ئوزلىرى ئەمەلىيەتتە ئوز تاۋارىنى سېتىپ ئالمايدۇ. مەسىلەن، خىتاي قىزى ياخشىراق كىيىنىشنى خالىسا، ئۇ ئادەتتە، تۈركىيەدە ئىشلەنگەن كىيىمنى سېتىپ ئالىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، خىتايلارغا قازاقستاندا تىجارەت قىلىش ئوڭايمۇ ئەمەس. بىزدە قېلىپلاشقان: «خىتاينىڭ بولغانىدىن كېيىن - ھەممىسىنىڭ ساپاسى يوق» دېگەن كوز قاراش كاشىلا بولماقتا. بۇ ئۇنداق ئەمەس. خ خ ج سۈپەتلىك مەھسۇلاتىنىمۇ خېلە ئىشلەپ چىقىرىدۇ، لېكىن ھەر قانداق ياخشى تاۋارغا ئوخشاش ئۇ قىممەت تۇرىدۇ. بىر خىتاي ئالمۇتىدا ئوز تىجارىتىنى باشلاپ، پۈتكۈل دۇنياغا باھالىنىدىغان ھەقىقىي خىتاي چىنە - قاچىسىنى ئېلىپ كەلگەن، لېكىن ئۇنىڭ خېرىدارى تېپىلمىغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئەرزەن سۈپەتسىز چىنە - قاچا ئېلىپ كەلگەن، بۇنى بولسا خېرىدارلار بۇلاپ كەتكەن. بۇ يەردە، خىتاي بىزگە ئەرزەن تاۋارلارنى كوپلەپ ئېلىپ كەلگەنلىكىدە ئوزىمىز ئەيىپلىكمۇ دېگەن سوئال پەيدا بولىدۇ.

خىتاي ئەركەكلىرىنىڭ قازاقستانلىق قىزلارغا نىسبەتەن مۇناسىۋىتى ئالاھىدە. قازاقستانلىق قىزغا ئويلىنىپ، چەت ئەللىك «ياشاش گۇۋاھنامىسىنى» ئېلىش مۇمكىن ۋە ۋىزا مۇئامماسى ھەل بولىدۇ.

قازاقستانغا ۋە ئۇنىڭ خەلقىگە نىسبەتەن مۇنداق مۇناسىۋىتى ئۈچۈن بىزنىڭ ئادەملەر خىتايلارنى ياخشى كورمەيدۇ. مىلىتسىيە ئادەتتىكى پۇقرادىن قېلىشمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن خىتايلار ئۇنىڭدىن بەك قورقىدۇ، چۈنكى ھوججەتلەرنى تەكشۈرۈشتىن تاشقىرى ھوقۇق قوغداش ئورگانلىرىنىڭ ۋەكىللىرى يانچۇقلارنىمۇ ئاختۇرىدۇ. مۇنداق تەكشۈرۈشلەردىن كېيىن، خىتايلار غايىپ بولغان ھادىسىلەرمۇ بولغان.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بەزى بىر خىتايلارنىڭ، بولۇپمۇ، خېلىدىن بېرى قازاقستاندا ئىشلەۋاتقان خىتايلارنىڭ «ھىمايىچىلىرى» بار دېگەن گەپ بار. مىلىتسىيە خادىملىرى تەرىپىدىن تۇتۇلغانلار ئۇلار ھېلىقىلارغا تېلېفون بېرىدۇ ۋە «ھىمايىچى» ھەممە مۇئاممانى ھەل قىلىدۇ.

خىتاي چەكسىز تەبىي ۋە ئادەم رېسۇرسلىرىغا ئىگە. ئۇ ئىستىقباللىق ئىنۋېستور (مەبلەغ سالغۇچى) سۈپىتىدە قازاقستان ئۈچۈن ئىنتايىن چوڭ مەنپىيەتدارلىق پەيدا قىلىدۇ. ئەڭ مۇھىمى، كېلەچەكتە بىزنىڭ دولىتىمىز خىتاينىڭ بىر ئولكىسىگە ئايلىنىپ قالمىسىلا بولدى. ئېيتماقچى، «يەرلىك» خىتايلارنىڭ بۇ توغرىلىق: «بۇ يەرگە بىزنىڭ ھاكىملىرىمىزنىڭ بىرىنى ئەۋەتسە، ئۇ بۇ يەردە تەرتىپ ئورناتقان بولار ئىدى»، - دېگەن چاقچىقى بار.

غالىيە كارىي.

(«ۋرېميا پو» گېزىتىدىن).

باش مۇھەررىر ي. ئازاماتوۋ.

يېڭى ھايات

ئالمۇتا، 480044 ئىبەك يولى كوچىسى 50 بىنا، 8 - قەۋەت، 813 - خانە

گېزىتنى تەسىس قىلغۇچى - جاۋابكەرلىكى چەكلەنگەن «ۋىسال» شىركىتى. تىراژى 1500 زاكاز 9698

تېلېفون: 33 - 84 - 59

«Йени хаят» (Новая жизнь) индекс 65359, республиканская общественно-политическая газета, регистрационное свидетельство №603 -- Г. Выдано Министерством культуры, информации и общественного согласия Республики Казахстан 17 марта 1999 г.

گېزىتىمىز سەھىپىلىرىدە بېسىلغان ماقالىلار مۇئەللىپلىرىنىڭ مەۋقەسى تەھرىراتىمىزنىڭ مەۋقەسى بولۇپ ھېساپلانمايدۇ. تەھرىراتتىن ماتېرىياللار قايتۇرۇلمايدۇ ۋە جاۋاپ بېرىلمەيدۇ.